1



# ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى

# ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى

تۈزگۈچى: ئابدۇكېرىم راخمان

1

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مەسئۇل تەھرىر: ت.سامساق
ئا.ئۆمەر

# ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى(1)

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جيەنجۇڭ كوچىسى №54)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا تىزىلدى
فۇكاڭ ناھىيىلىك باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1168×850مم 32/1 باسما تاۋىقى: 9.75
1981 - يىل 1 - ئاي 1 - نەشرى
1989 - يىل 11 - ئاي 3 - بېسىلىشى
تىرازى: 53,501—62,100
ISBN 7—228—00791—3/I·270
باھاسى: 2.25 يۈەن

# نەشرىياتتىن

ئۇيغۇر خەلقى ئۇزاق تارىخقا، پارلاق مىللى مەدەنىيەتكە، خىلمۇ-خىل ۋە مول مەزمۇنلۇق ئەدەبىيات-سەنئەت مىراسلىرىغا ئىگە. خەلق داستانلىرى — ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا ئالاھىدە سالماققا ئىگە مۇھىم بىر ژانىر. خەلق داستانلىرىنى توپلاش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش — خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ قىممەتلىك، ئىسىل ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئومۇمى ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىمىزنى گۈللەندۈرۈشتە چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە زور ئىش. لېكىن بۇ ئىش تا ھازىرغىچە سىستېمىلىق، ئىلمي ئاساستا ئىشلەنمەي كېلىۋاتىدۇ، نەزەردىن چەتتە قېلىۋاتىدۇ.

يولداش ئابدىكېرىم راخمان تەييارلىغان «ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى» — ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ بىر قەدەر مۇكەممەل، بېكىتىلگەن، تولۇق نۇسخىلىرى توپلىمىنى نەشر قىلىش يولىدىكى دەسلەپكى ئىزلىنىش، ئوبدان باشلىنىش. كەڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتچىلىرىمىز ۋە بۇ ساھەدە ئەجرى قىلىۋاتقان يولداشلارنىڭ نەشر قىلىنغان بۇ داستانلار توپلىمىغا قىممەتلىك، تولۇقلاش پىكىرلىرىنى بېرىش بىلەن بىللە، يەنە خەلق ئارىسىدا تارقالغان، مەلۇم ئىجتىمائى ئەھمىيىتى بولغان خەلق داستانلىرىنى زور كۈچ بىلەن توپلاپ، رەتلەپ، ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى تەتقىقاتىدىكى بۇ زور ئىشقا يېقىندىن يار-يۆلەكتە بولۇشلىرىنى ئۈمىد قىلىمىز.

## ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى ھەققىدە

ئۇيغۇر خەلقى ئۇزۇن مەدەنىيەت تارىخىغا ۋە نۇرغۇن قىممەتلىك مەدەنىي مىراسلارغا ئىگە خەلق. ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى مەزمۇنىنىڭ كەڭلىكى ۋە چوڭقۇرلۇقى، بەدىي قىممىتىنىڭ يۈكسەكلىكى ۋە ئاممىباپلىقى جەھەتلەردىن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئىچىدىكى بىر قەدەر مۇكەممەللەشكەن يېرىك ژانىر.

خەلق ئارىسىدىكى تۈرلۈك ئاممىۋى سەنئەت پائالىيەتلىرى ئارقىلىق دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن خەلق داستانلىرىنىڭ پەيدا بولۇش تارىخى ناھايىتى ئۇزاق ئەسىرلەردىن باشلىنىدۇ. مەشھۇر تارىخىي شەخس ئوغۇزخان ھەققىدىكى رىۋايەتلەر ئاساسىدا يارىتىلغان ئەڭ قەدىمقى ئۇيغۇر خەلق داستانى — «ئوغۇزنامە» دىن تارتىپ بۈگۈنكى دەۋرىمىزگىچە بولغان ئىككى مىڭ يىلدىن ئارتۇق تارىخىي جەرياندا خەلقىمىز جاھانغا مەشھۇر كۆپلىگەن خەلق داستانلىرىنى ياراتتى. بۇ داستانلارنىڭ ھەربىرى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇپ، خەلقىمىزنىڭ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئەخلاقىي، دىنىي ۋە مەدەنىي كۆز قاراشلىرىنى شېئىرىي يول بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى.

بىز دەسلەپكى قەدەمدە ئىسلامىيەتتىن كېيىن يارىتىلىپ، داستانچىلار ئارقىلىق دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن ھەمدە خەلق

ئارىسىدا بىر قەدەر ئومۇملاشقان بۇ سەككىز داستاننى رەتلەپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ پايدىلىنىشىغا سۇندۇق.

مەلۇمكى، 9 - ئەسىرلەردىن كېيىن ئالدى بىلەن ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان قەشقەر قاتارلىق رايونلاردا ئىسلام دىنى ئومۇملىشىشقا باشلىدى. بولۇپمۇ قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ قۇرۇ- لۇشى (9 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن 13 - ئەسىرگە قەدەر) بۇ كەڭ رايوننىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە بەلگىلىك رول ئويناپ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى يېڭى دەۋرگە كۆتەردى. بۇ دەۋرلەردە ئىقتىسات ۋە مەدەنىيەت كۆزگە كۆرۈنەرلىك ھالدا تەرەققىي قىلدى. بۇ تەرەققىياتلارنىڭ ئىنكاسى سۈپىتىدە يالغۇز ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويۇپلا قالماستىن، شۇنداقلا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى، جۈملىدىن داستانچىلىقمۇ زور دەرىجىدە راۋاجلاندى. بۇ دەۋرلەردە پەيدا بولغان خەلق داستانلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭدا فېو- داللىق ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىدىن شەكىللەنگەن زىددىيەت ۋە توقۇنۇشلار ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى.

ئەزگۈچى سىنىپلارنىڭ ئەيش-ئىشرەتلىك تۇرمۇش مەن- پەئەتلىرىنى قوغداش ۋە مۇستەھكەملەش ئاساسىدا شەكىللەنگەن خىلمۇ-خىل فېوداللىق قائىدە-نىزاملار ئۇزاق تارىختىن بېرى ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنىڭ ھوقۇقىنى ۋە ئەركىنلىكىنى دەپسەندە قىلىپ كەلدى. شۇڭا ئەركىنلىك ۋە دېموكراتىيىنىڭ كونكرېت ئىپادىسى بولغان ئەركىن مۇھەببەت ئىستىكى خەلقنىڭ فېودال- زىمغا قارشى ئاساسي كۈرەش شوئارى بولدى ۋە بۇ ئارقىلىق فېودال ئەزگۈچى سىنىپلار بىلەن ئەمگەكچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى سىنىپىي قارشىلىقنى، ئادالەت بىلەن ئادالەتسىزلىك ئوتتۇرىسىدىكى

گۆرەشنى ۋاستىلىك ھالدا ئىپادىلەپ، خەلقىمىزنى فېوداللىق تۈ-
زۈمگە قارشى ئىسيانكارلىق روھتا تەربىيىلەشنى مەقسەت قىلدى.
مەسىلەن، خەلقىمىز ئىچىدە ئەۋلاتتىن-ئەۋلاتقا داۋاملىشىپ
كېلىۋاتقان «غېرىپ-سەنەم» داستانىدىن خەلقىمىزنىڭ ئەركىنلىككە
ۋە ئازاتلىققا بولغان ئارزۇسىنى، سەممىي كىشلىك مۇھەببەت
ئىستىكىنى كورەلەيمىز ۋە سياسى، ئەخلاقىي جەھەتلەردە چىرىك-
لەشكەن، مەنىۋى جەھەتتىن ئولگەن فېوداليزىم جەمىيىتىنىڭ
يىرگىنىشلىك ئەپتى-بەشىرىسىنى چوڭقۇر ھېس قىلالايمىز. داس-
تانىدىكى غېرىپ بىلەن سەنەمنىڭ ھاياتىي سەرگۈزەشتىلىرى
ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاشۇ دەۋردىكى قارا تەقدىرىنىڭ ئومۇمىي يە-
كۈنىدىن ئىبارەت. بۇ داستان ئاشۇ ۋاقىتتا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ
ھېس-تۇيغۇلىرىنى، ئارزۇ-ئىستەكلىرىنى ھەققىي سۈرەتلەپ بەر-
گەن مۇنەۋۋەر ئەدەبىي يادىكارلىق بولۇشقا مۇناسىپ.
«غېرىپ-سەنەم»دىن باشقا «ھورلىقا-ھەمراجان» «قەمەر
شاھ ۋە شەمسى جانان» داستانلىرىدىمۇ مۇھەببەت تېمىسى ۋاپا-
دارلىق ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك بىلەن زىچ بىرلىشىپ كەتكەن. ئىج-
تىمائى تەڭسىزلىكلەر ئۈستىگە قۇرۇلغان فېوداليزىم جەمىيىتىدە
ۋاپادارلىق ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك شوئارى ئىلغار ئەھمىيەتكە ئىگە
بولۇپ، كىشىلىك مۇناسىۋىتىدە ئەمگەكچىلەرنىڭ مەنپەئەتىگە
ئۇيغۇن بولغان ياخشى پەزىلەتنىڭ ئىنكاسى، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ
تېما مۇشۇ داستانلارنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسى بولۇپ قالغان.
ئۇنىڭدىن قالسا ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ تېماتىك
مەزمۇنىدا ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىمۇ خېلى روشەن ئىپادىلەنگەن.
«غېرىپ-سەنەم» داستانىدا غېرىپنى باشقا يۇرتقا پالىغاندا
ئۇنىڭ ئوز يۇرتىنى سېغىنىپ ئېيتقان تەسىرلىك ناخشىلىرى،

«قەمەر شاھ ۋە شەمسى جانان» داستانىدا قەمەر شاھنىڭ ئۆز يۇرتى ھەققىدىكى شىرىن ئوي-پىكىرلىرى، «چىن تۆمۈر باتۇر» داستانىدا قارغۇ بولۇپ قالغان چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ كۆزىگە ئۆز يۇرتىنىڭ ئالمىسىنى سۈرتكەندە (بەزى ۋارىيانتلىرىدا كۆزىگە ئۆز يۇرتىنىڭ تۇپرىقىنى سۈرتكەنلىكى ھىكايە قىلىنىدۇ) كۆزىنىڭ ئېچىلغانلىقى...... قاتارلىق تەسىرلىك ئېپىزوتلار قەدىمقى خەلقلىرىمىزنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنىڭ سەنئەتتىكى ئىنكاسى. چۈنكى ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە ئوخشىمىغان ھالدا كونكرېت مەزمۇنغا ئىگە بولىدۇ. تۇغۇلغان يېرىنى قەدىرلەش، ئۆز يۇرتىنى قوغداش ۋە سېغىنىش، ئەلگە ئاسايىشلىق تىلەش قاتارلىق مەزمۇنلارنىڭ ھەممىسى ماھىيەتتە ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ كونكرېت ئىپادىلىنىشى، ئەلۋەتتە.

«چىن تۆمۈر باتۇر»، «نۇزۇگۇم»، «سېيىت نوچى»، «ئابدۇراخمان غوجا» قاتارلىق داستانلاردا بولسا خەلقىمىزنىڭ كۈچ-قۇدرىتى ۋە ئەقىل-پاراسىتىنى ئۆزىگە توپلىغان يارقىن يەدىي ئوبرازلار ئارقىلىق قەھرىمانلىق-باتۇرلۇق ئىدىيىسى ئالغا سۈرۈلىدۇ. بۇلاردىن باشقا ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىدا يەنە كەمتەرلىك بىلەن تەكەببۇرلۇق، راستچىللىق بىلەن يالغانچىلىق، سەۋرى-تاقەت بىلەن چىدامسىزلىق، ئالدىراڭغۇلۇق بىلەن تەمكىنلىك، ئادەمگەرچىلىك بىلەن نائەھلىلىك، ۋاپادارلىق بىلەن ۋاپاسىزلىق، ئادىللىق بىلەن ئادالەتسىزلىك، ھوشيارلىق بىلەن بىخۇتلۇق، مەرىپەتپەرۋەرلىك بىلەن نادانلىق...... قاتارلىقلار ئۆزئارا بىر بىرىگە سېلىشتۇرۇلۇپ كىشىلىك تۇرمۇش كۆز قارىشى ھەققىدىكى بەزى ئىلغار پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، بۇ ئارقىلىق كىشىلەرنى ئەخلاقىي-پەزىلەتلىك بولۇشقا، ھالال

ياشاشقا، جاپا-مۇشەققەتتىن قورقماسلىققا، ئىلىم-مەرىپەتلىك ۋە قەيسەر ئىرادىلىك بولۇشقا ئۈندەيدۇ.

× ×

ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى بەدىي قۇرۇلۇش جەھەتتىن ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. خەلق داستانلىرى ئومۇمەن نەزمى ۋە نەسرى شەكىلدە تۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر خەلق داستانچىلىغىنىڭ ئەنئەنىۋى مىللى شەكلى ھېساپلىنىدۇ. يەنى داستاندىكى پېرسوناژلار پائالىيىتىنىڭ بۇرۇلۇش نۇقتىلىرى نەسرى يول بىلەن قىسقىچە ھېكايە قىلىنغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا ياندىشىپ پېرسوناژلار خاراكتېرى ۋە شۇنىڭغا ئالاقىدار ۋەقەلەر نەزىم (شېئىر) ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. بۇ ھال داستانلارنىڭ لىرىكىچانلىغىنى كۈچەيتىپ ئوبرازلارنى جانلاندۇرىدۇ. ئۇنىڭدىكى ناخشا-قوشاقلار خەلقنىڭ ئەڭ ياخشى مىللى مۇزىكا كۈيلىرىنى ئاساس قىلغاچقا، ئۇ كىشىلەردە ناھايىتى روشەن بەدىي تەسىرات قالدۇرالايدۇ.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ داڭلىق «12 مۇقامى» شۇنىڭ ئۈچۈن «غېرىپ-سەنەم»، «ھورلىقا-ھەمراجان»، «قەمەر شاھ ۋە شەمسى جانان» قاتارلىق داستانلارنىڭ خېلى كۆپ ناخشا كۈيلىرىنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەنلىگى، خەلق داستانلىرىنىڭ ئەسلىدە قويۇق مۇزىكىلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئىكەنلىگىنى كۆرسىتىپلا قالماستىن، شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇنىڭ «12 مۇقام» نىڭ شەكىللىنىشىگە ۋە سىستېمىلىشىشىغا نىسبەتەن زور تۈرتكىلىك رول ئوينىغانلىغىنىمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى ئىنچام، ئاممىباپ، قىزىقارلىق

بولۇپ، قۇرۇلۇش جەھەتتىن ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىنىڭ بابان قىلىش ئۇسۇلىغا ئوخشاپ كېتىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق داستانچىلىقىدا مەدداھ (ۋايىز) لىق سەنئىتى ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. نۇرغۇن داستانلار شۇ يول بىلەن تار-قالغان ۋە ساقلىنىپ كەلگەن دېيىشكە بولىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىدىكى ھەر خىل تەسۋىرى ۋاس-تىلەرمۇ ناھايىتى جانلىق بولۇپ، بىز ئۇنىڭدىن خەلقىمىزنىڭ بەدىئى تەسەۋۋۇر ۋە تەپەككۇر كۈچىنىڭ يۈكسەكلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىدا يەنە رومانتىك خىيال بىلەن رىيال ۋەقەلەر ناھايىتى مۇۋاپىق چىپسلاشتۇرۇلغان بولىدۇ، ئۇ-نىڭدا مۇبالىغە ۋە پانتازىيە بىر قەدەر كۈچلۈك. بولۇپمۇ «ھور-لىقا-ھەمراجان»، «قەمەر شاھ ۋە شەمسى جانان» غا ئوخشاش پانتازىيىلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان، غايىۋى قەھرىمانلار تەسۋىرلەنگەن داستانلار قويۇق رومانتىك تۈسكە ئىگە بولۇپ، مۇنداق رومانتىك خىيالنىڭ ئارقىسىدا ھامان ئىجتىمائى رىيال-لىقتىن پەيدا بولغان رىيالىستىك روھ ياتىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ بەدىئى قىممىتى جەھەتتىكى كۆزگە كۆرۈنەرلىك يەنە بىر مۇھىم ئالاھىدىلىك شۇكى، ئۇنىڭدا ئۇيغۇر مىللى شېئىرىيىتىدە ئۇچرايدىغان شەكىللەرنىڭ نۇرغۇن تۈرلىرى تېپىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ شېئىرى پارچىلار قويۇق مىللى تۈسكە ئىگە بولۇپ، شېئىرىيىتىمىزنىڭ قەدىمقى شەكىللىرىنى تەتقىق قىلىشتا بىزنى پايدىلىق ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

× ×

ئەپسۇسكى، باي مەزمۇنغا ۋە كۆپ خىل شەكىلگە ئىگە بولغان ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى تا ھازىرغىچە خەلق ئىچىدە

كومۇلۇپ ياتماقتا.

ئەمگەكچى خەلقنىڭ مەنىۋى بايلىقى بولغان خەلق داستانلىرىنى قۇتقۇزۇۋېلىش، نۆۋەتتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. خەلق داستانلىرىنى رەتلەش ۋە تەتقىق قىلىش جەريانىدا بەلگىلىك ئىجادىي ئەمگەك سەرپ قىلىشقا، ئىجابىي-سەلبىي ۋە باشقا تەرەپلىرىنى تەكشۈرۈش، تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ، خەلق داستانلىرىنىڭ ئەسلى تېمىسى ۋە ئۇسلۇبىنى خالىغانچە ئۆزگەرتىشكە بولىدۇ، دېگەنلىك ئەمەس. ئەلۋەتتە، خەلق داستانلىرىدا ئورغۇنلىغان تارىخىي ماتېرىياللار بار. ئۇ ئەينى دەۋرنىڭ بەدىئى ئەينىكى سۈپىتىدە، خەلقىمىزنىڭ سىياسى، ئىجتىمائى، ئەخلاقىي ۋە ئىجادىي كۆزقاراشلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان بولغاچقا ئەسلىگە سادىق بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. لېكىن خەلق داستانلىرى ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچۈش جەريانىدا بەلگىلىك ئۆزگىرىشلەرگىمۇ ئىگە بولغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە داستان ئېيتقۇچىلارنىڭ سۇبېكتىپ قاراشلىرىمۇ سىڭگەن. شۇڭا بىر داستاننىڭ بىرقانچە خىل ۋارىيانتلىرى بار. رەتلەش جەريانىدا خەلق داستانلىرىنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئوخشىمىغان ۋارىيانتلىرىنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ ۋە بىرلەشتۈرۈپ بىرقەدەر مۇكەممەل بولغان ئۈلگىلىك نۇسخا تىكلىشىمىز كېرەك. ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنى رەتلەش ئىشى تېخى ئەمدىلا باشلاندى، شۇڭا ئۇنىڭدا كۆپلىگەن نۇقسانلارنىڭ بولۇشى تەبىي. كەڭ كىتابخانلارنىڭ قىممەتلىك مەنىۋى مەدەتلىرى ۋە تەنقىدىي ياردەملىرى ئارقىسىدا، ئەمگەكچان ۋە ئىجاتچان خەلقىمىزنىڭ بۇ مەدىنى بايلىق غەزنىسى تېخىمۇ تولۇقلانغۇسى ۋە مۇكەممەللەشكۈسى.

ئابدىكېرىم راخمان

## مۇندەرىجە


| | |
|---|---|
| نوزۇگۇم ........................................ | 1 |
| چىن تومۇر باتۇر ............................. | 21 |
| سېيىت نوچى ................................. | 45 |
| ئابدۇراخمان غوجا .......................... | 85 |
| قىزىل گۈلۈم ................................. | 121 |
| قەمەرشاھ ۋە شەمسىجانان ................ | 143 |
| ھورلىقا ـ ھەمراجان ......................... | 187 |
| غېرىپ ـ سەنەم ............................. | 237 |

# نوز وٗ گوٗم

زالىم دۇۋاڭ① زار يىغلاتتى،
يوقسۇللارنى كوپ قاقشاتتى.
ياش دىمىدى ياكى قىرى
دارغا ئاستى، پۇلغا ساتتى.

نى يىگىتلەر، سولۇن قىزلار،
ئەرك يولىدا قانغا پاتتى.
گۇناھى يوق مەسۇملەرنىڭ،
باشلىرىغا قىلىچ چاپتى.

تۇمەن دەريا② نەرە تارتتى،
سۇ ئورنىدا قانلار ئاقتى.
شاھىت بولۇپ شۇ تارىخقا،
مىڭلاپ نوزۇك نەزمە قاتتى.

ئەلقىسسە، قەشقەر خەلقىنىڭ مانجۇرىيە باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئازاتلىق كۈرىشى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، مانجۇ خانى دۇۋاڭ قوزغىلاڭ قاتناشچىلىرىدىن مىڭلىغان كىشىلەرنى دارغا

① دۇۋاڭ ــ مانجۇرىيە هاكىمىيىتىنىڭ چىرىك ئەمەلدارى.
② تۇمەن دەريا ــ قەشقەر شەھىرىنى كېسىپ ئۆتكەن دەريا ئىسمى.

ئاستى، زىندانغا تاشلىدى ۋە مىسكىلاپ كىشلەرنى قەشقەردىن ئېلىغا سۈرگۈن قىلىپ ھەيدەپ ماڭدى. ئىلىغا ھەيدەلگەن سۈرگۈنلەر ئىچىدە كېلىشكەن، يوقسۇل ئائىلىدىن بولغان دانىشمەن ئۇيغۇر قىزى نوزۇگۇممۇ بار ئىدى.

نوزۇگۇمنىڭ مانجۇ مۇستەبىتلىرى تەرىپىدىن سۈرگۈن قىلىنىشى قەشقەر خەلقىنىڭ دىلىنى ئۆرتەپ-كۆيدۈردى. بەختسىز سۈرگۈنلەر يۈرەكلىرىدىكى دەرت-ئەلەم، قايغۇ-ھەسرەت، ئارزۇ-تىلەكلىرىنى ئېيتىشىپ، چارىسىز قالغان ئەل يۇرتى بىلە ئاخىرقى مەرتىۋە يىغان ئىچىدە خوشلاشتى.

سۈرگۈنلەرنى ئۇزاتقۇچىلار ئىچىدىن ساقىلى سۈتتەك ئاقارغان، ئازاپ ئىچىدە يۈزى تاتارغان بىر بوۋاي شۆكقاردەك شۆكۈپ چىقىپ يىغا ئارىلاش تىترەك ئاۋازدا مۇنداق بىر مۇناجات ئوقۇدى:

خوش، گۈل قىزىم نوزۇگۇم،
يورۇپ تۇرغان يۇلتۇزۇم.
كۆلپەت چۈشۈپ بېشىڭغا،
تۇتقۇن بولدۇڭ قۇندۇزۇم.

ئون گۈلنىڭ بىر گۈلى
ئېچىلمىغان نوزۇگۇم.
يوپۇراقلىرى بىر يولى،
چېچىلمىغان نوزۇگۇم.

ئوتقا سالسا كويمەستىم،
ئەمدى كويۇپ كۈل بولدۇم.

يامغۇر ياققان باغلاردەك،
كوز يېشىمدا ھول بولدۇم.

دۈۋالڭ دېگەن كاساپەت،
ئۇنىڭدا يوق شاپائەت.
ئاپپاق ساقال يۇلۇندى،
يۇرىگىم چاك ـ چاك بولدى.

ھېچكىم مەندەك بولمىغاي،
ئامراق قىزىم نوزۇك ئاي.
ئاكاڭدىنمۇ ئايرىلسام
سىڭىلڭدىنمۇ ئايرىلسام.

دەپ يىتىم قوزىدەك تەلمۇرۇپ نوزۇگۇمنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى. جاللاتلار بوۋاينى مىلتىقنىڭ پاينىگى بىلەن ئۇرۇپ يىقىتىپ قويدى. نوزۇگۇم تاقەت قىلالمىدى. توپا ـ چاڭغا مىلىنىپ بىھوش، ياتقان قېرى دادىسىغا قاراپ:

خەير، خوش دەرتمەن دادا،
غەمگۇزارىم ياخشى قال.
كوزلىرىم ئاقۇ ـ قاراسى
گۇلئۇزارىم ياخشى قال.

كاجلىغى بۇ شۇم پەلەكنىڭ،
مېنى سەندىن ئايرىدى.

سايىسى سەگۇ تېرەكنىڭ
شاخلىرىنى قايىردى.

مىسكىن قىزنىڭ كوزى دائىم
تۇمەن بويىغا باقىدۇ.
زالىم دۇۋاڭ قەپىزىنى
غەزەپ كۇچى چاقىدۇ.

دەپ، چەكسىز نادامەت ئىچىدە دادىسى بىلەن رازىلاشقانىدىن كېيىن، مانجۇ چېرىكلىرىنىڭ قانلىق قىلىچىغا پەرۋا قىلماي سەپ بولۇپ تۇرغان يۇرتداشلىرىغا قاراپ:

بىللە ئويناپ بىللە ئوسكەن
يارۇ-دوستلار ياخشى قال.
مىسكىن باشقا سايە بەرگەن،
بوستان يۇرتلار ياخشى قال.

چول-دەشتلەرنى كېزىپ يۇرگەن،
يىراق ئوتىدا باغرى كويگەن.
پۇتلىرىدا قانلىق كىشەن
باقى جانىم ياخشى قال.

دەپ قېرىنداشلىرى بىلەن ئاخىرقى قېتىم خوشلاشتى.
ئەلقىسسە، نوزۇگۇم گۇناسىز سۇرگۇنلەر قاتارىدا داق يەرنى سىلىنجا، بۇلۇتنى يېپىنچا قىلىپ، دەشت-باياۋانلارنى

كېزىپ، ئىگىز داۋانلاردىن ئېشىپ ئىككى ئابدىن ئارتۇق پىيادە يول يۈردى. گۆگۈم قاراڭغۇسىدا موزات بويىغا يېتىپ كەلدى. قارا بولۇت ئارىسىغا موكۇنۇشكە ئالدىراۋاتقان غۇۋا ئايغاقاراپ نوزۇگۈم:

ئايىنى بۇلۇت توسۇپتۇ،
يۇلتۇزلارمۇ ئۆچۈپتۇ.
گور ئازاۋى ئولۇكتىن،
تىرىكلەرگە كوچۈپتۇ.

قىچقىرىپ كەلگەن كاككۇكنىڭ
ئۈنى ھەر جايدا غېرىپ.
كەل كاككۇك ئاشنا بولايلى
سەن مۇساپىر، مەن غېرىپ.

مۇز داۋاندا قار ياغدى
تۈزلەڭدە يالاڭ يامغۇر.
دەرتمەنلەرگە كۆن بەرمەس
دۇۋاڭ چېرىگى قانخور.

مۇز داۋاننىڭ يولىدىن
ئوتمەسكە ئامال بارمۇ؟
ئىلىخوغا بارغۇنچە
جېنىمىز ئامان بارمۇ؟

دەپ، ھەسرەت بىلەن كوڭۇل تارىغا زەخمەك ئۇردى. مىڭلىغان، سۆزگۈنلەر نوزۇگۈمغا جور بولدى.

ئەلقىسسە، ئۇلار ئۈچ ئايدىن ئارتۇق يول يۈرۈپ يۇتلىرى يېغىر بولۇپ مادارىدىن كەتكەندە ئىلىغا يېتىپ كەلدى. ھەيدەپ كېلىنگەن پىتى قان پۇراپ تۇرىدىغان ياملۇغا قامالدى. قاراڭغۇ پەنجىرىدىن تالاغا تەلمۈرگەن نوزۇگۇم بىر مۇناجات ئوقۇدى:

ئەپىيۇنكەش جاللاتلار،
ماجاڭ ئويناپ ياتىدۇ.
قاراڭغۇ زەي زىنداندا،
نوزۇك يالغۇز ياتىدۇ.

ئاتام مېنى، ئانام مېنى
نىمشقا ئارزۇلاپتىكىن.
بۇ كۈنلەرگە قالارىمنى
باشتا ئويلىماپتىكىن.

قومۇشلۇقتا ئوت ياقسا
كۆرۈلدەپ كويۇپ كەتسە،
مۇنداق كۈننى كورگىچە،
ياش تۇرۇپ ئۆلۈپ كەتسە.

بېشىمىزدا جاللاتلار،
قىلىچىنى ئوينىتار.
بۇ دوزاقتىن نوزۇكنى،
قانداق بىر جان ئاجرىتار؟

.يول ئازاۋى، گور ئازاۋى ئدى. نوزۇگۇمنىڭ كوزى ئۇي-
قۇغا كەتتى. ئۇ، چۈش كوردى. چۈشىدە سۈيگەن يارى — باقى
يىگىت بىلەن ئۇچرىشىپ ئوزئارا سىغىنىشنى ئىزھار قىلىشتى:
نوزۇگۇم:

سەن سىغىندىڭمۇ مىنى؟

باقى يىگىت:

خويما سىغىندىم مەن سىنى.

نوزۇگۇم:

سەن قەيەرىدە سىغىندىڭ؟

باقى يىگىت:

مەن يۈرەكىمدە سىنى.

نوزۇگۇم:

ھالىڭ نىچۈك دەپ سورمىغىل
كورگىن چىرايىمدىن ئۇنى.
سەن مىنىڭ باقىم بولساڭ
قۇتقۇزۇپ ئالغىن مىنى—

باقى يىگىت:

كۈندە كورمىدىم يارنى
كۈندە كورەرمەن دەپ.
ئۈمىت ئۈزمىدىم ياردىن
ئولمىسەم سۈيەرمەن دەپ.

ئالتىنچى ئاي كىرگەندە
ئارا، گۈرجەك خاماندا.
نوزۇك يارنى كورۇشكە
باقى يىگىت ئارماندا.

نوزۇگۇم:

قاچقان باشتا مۇڭ بولار
موككەن جايلار بوك بولار.
بىز بۇ يەردىن قاچقاندا
ئىستەكچىلەر كوپ بولار.

ئاتا ـ ئانام كۇتمەكتە
قايغۇ ئىچىدە ئوتمەكتە.
بەلنى مەھكەم باغلايلى
مەقسەتلەرگە يەتمەككە.

تاراق ـ تۇرۇق ئاۋازدىن نوزۇگۇمنىڭ شىرىن چۈشى بۇ-زۇلدى. قارىغۇدەك بولسا، دۈۋاڭ باشچىلىقىدا بىر توپ دىۋە سۈپەتلىك مەلئۇنلار ئاچ بورىلەردەك لەۋلىرىنى يالىشىپ، ھەيـ-يارلىق بىلەن قارىشىپ، نوزۇگۇمنى ئوزئارا تالىشىپ تۇراتتى. چوشقىدەك خارتىلدايدىغان ئىسكەتسىز بىر مانجۇ بېگىنىڭ توك-كەن ئالتۇنلىرىغا ئاخىر دۈۋاڭ نوزۇگۇمنى سېتىۋەتتى.
ئەلقىسسە، نوزۇگۇم مانجۇنىڭ چوڭ بايلىرىدىن بىرىگە سېتىلىپ "چوڭ يۇلتۇز" پېزىسىغا ئېلىپ كېلىندى. بۇ زۇلمەتلىك قاراڭغۇ كۇنلەر ئىچىدە نىمە قىلارىنى بىلمەي نوزۇگۇم مۇنداق زارلىناتتى:

مەن قەشقەردىن چىققىلى
توشەك سېلىپ ياتقان يوق.
ئانام ئورگەن چېچىمغا
تاغاق سېلىپ باققان يوق.

چوڭ يۇلتۇزغا بارغاندا
ئوت ياقمەن قومۇشقا.
نەپرەت بىلەن قارايمەن
مانجۇ بېگى گومۇشقا.

جان ئاتامنى كورەلمەي
ئولۇپ كېتەر ئوخشايمەن.
نەۋ باھارغا يېتەلمەي
سولۇپ كېتەر ئوخشايمەن.

ئاكامنى تاپالماسمەن
تاپسام ئايرىلالماسمەن.
باقىنى كورۇپ ئولسەم
ھەرگىز ئارمان قىلماسمەن.

ئاتام مۇندا كېلەرمۇ؟
مېنى ئېلىپ كېتەرمۇ؟
قەشقەرگە جان يېتەرمۇ؟
بارارىمنى بىلمەسمەن.

ئەلقىسسە، نوزۇگۇمنىڭ ئابدۇللا ئىسىملىك بىر ئاكىسى بار ئىدى. ئابدۇللامۇ نوزۇگۇمدىن بۇرۇن ئىلىغا سۇرگۇن قىلىنغانلار قاتارىدا مۇشۇ مانجۇ بېگىگە ئەسىر بولغان ئىدى. ئويلىمىغان يەردە بۇ ئاكا - سىڭىل ئۇچرىشىپ، ھاڭ - تاڭ بولۇپ بىر بىرىگە قاراشتى. ئۇزئارا مۇڭ - ھالىنى ئېيتىشىپ سىرداشتى:

نوزۇگۇم:

قونۇۋاپتۇ قاغىلار
بۇلبۇل باغدىن كوچتىمۇ؟
ساڭا كەلگەن كۈلپەتلەر
نوزۇك باشقا چۈشتىمۇ؟

ئابدۇللا:

تومۇر قەپەز دەردىنى
مەنلا تارتسام بولمامدۇ؟
سىنى مۇڭداق كورگەندە
يۈرەك دەرتكە تولمامدۇ؟

نوزۇگۇم:

بىزمۇ ئادەم نىمشقا
يوقتۇر شۇنچە قەدرىمىز.
ۋەھشى قاۋان دۆۋاڭغا،
تاشار غەزەپ قەھرىمىز.

ئابدۇللا:

يامغۇرلار تولا ياغسا
مۇز داۋانلار پەسلەيدۇ.
سەن ئوزەڭگە ئاگاھ بول.
دۆۋاك بىزنى قەستلەيدۇ.

نوزۇگۇم:

پۈتۈمدىكى كىشەننى
كەلگىن ئاكا چاقايلى،
يەكسان قىلىپ دۈشمەننى
قاتىلىرىنى چاچايلى.

نوزۇگۇمنىڭ گۈلدەك چىرايى ئوزىگە دۈشمەن بولدى. ئۇنىڭغا مانجۇ ئەمەلدارلىرىنىڭ يامان كوزى چۈشتى، نۇزۇگۇمنى مەجبۇرى خوتۇنلۇققا ئېلىشنى ئويلىدى. دەسلەپ تۈرلۈك زىبۇ- زىننەت، ئالتۇن-كۈمۈش بىلەن ئالدىماقچى بولدى. بۇ ئالدام- چىلىق نوزۇگۇمنىڭ قەلبىدە ئىپلاس مانجۇ ئەمەلدارلىرىغا قارشى تېخىمۇ كۈچلۈك غەزەپ-نەپرەت قوزغىدى:

توگە ياتار قامغاقتا
بىر ئاكام بار قالماقتا،
ئىنساۋى يوق مەلئۇننىڭ
قەستى مېنى ئالماققا.

دارىڭ ئويى زىننەتلىك
ئالتۇن-كۈمۈش تاملىرى.
چاي ئورنىدا ئىچكىنى
سۇرگۈنلەرنىڭ قانلىرى.

قىرى تۈلكە كۈلكىسى
ياۋۇزلۇقنىڭ شەپىسى.
ماڭا جەننەت كورۈنەر
باقى يىگىت كەپىسى.

تاغدىن چۈشكەن لاي سۈنى
سۈزۈپ ئىچەر ئەر بارمۇ؟
نازۇك باشقا مۈك چۈشتى،
ئېلىپ قاچار ئەر بارمۇ؟

باقى يىگىت كەلسەڭچۇ
مېنى ئېلىپ قاچساڭچۇ.
قىلىچ بىلەن دوۋاڭنىڭ
كاللىسىنى چاپساڭچۇ.

ئەلقىسسە، دوۋاڭنىڭ زۇلمىدىن دەشت - چۆللەردە قېچىپ يۈرگەن باقى يىگىت سۆيگەن ۋاپادارى نوزۇگۇمنىڭ مانجۇ ئەمەلدارىغا مەجبۇرى سېتىلغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، نوزۇگۇمنى قۇتۇلدۇرۇشقا بەل باغلايدۇ، ئايغاقچى ئارقىلىق نوزۇگۇمغا سالام يوللايدۇ:

نوزۇك يارىم ئامانمۇ؟
رەڭگى - روپى سامانمۇ؟
نوزۇگۇمغا چاڭ سالغان
مانجۇ بېگى قاۋانمۇ؟

ئاتلارنى توقۇپ قويدۇم
پۇرسەت كۈتۈپ ياتارمەن.
چۈشكەن چاغدا قاراڭغۇ
سېنى چوقۇم تاپارمەن.

ئەلقىسسە، ئالدامچىلىق بىلەن نوزۇگۇمنى قولغا چۈشۈرەلمىگەن بەگ زورلۇق كۈچىگە يۆلىنىپ ياۋۇز قولىنى ئۇزاتتى. تېز پۈكمەس نوزۇگۇم توي كېچىسى دارىېنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ ئالاۋاستىلار غارىدىن قاچتى. شۇ قاچقانچە نى - نى تاغ - داۋانلاردىن ئاشتى. نوزۇگۇمنىڭ ئارقىسىدىن نۇرغۇن ئىستەكچىلەر قوغلىدى. نوزۇگۇم دەشت - باياۋانلاردا يۈرۈپ، قومۇشلۇقتا موكۇپ ئالتە ئايغىچە جاللاتلارغا تۇتۇق بەرمىدى. ئاشۇ قاچقۇنلۇق ئېغىر كۈنلىرىنى ئەسلەپ، يۈرەك رىشتىسىدىن نەزمە تۈزدى:

قومۇش ئارىلاپ كۈن چۈشتى،
يالغۇز باشقا مۈڭ چۈشتى.
مەن نوزۇكنى تۇتۇشقا
يۈزلەپ چېرىك يول توستى.

قايناپ تۇرغان قازانغا
چۈمۈچ سېلىپ باققان يوق.
يار ئۇياقتا مەن بۇياقتا
مۆڭدىشىپمۇ ياتقان يوق.

يالغۇز ياتتىم خاماندا
نان پىشۇردۇم ساماندا.
ئاجىز نوزۇك جاڭگالدا
باقى يۈرەر قاياندا.

قومۇشلۇق بولدى جايىم
بورە، تۈلكە ھەمرايىم.
مۇنداق ئېغىر كۈنلەردىن
قۇتقۇزغايمۇ خۇدايىم!

يايى چىقتى تۇتقىلى
ئەجدار بولۇپ يۇتقىلى.
چېرىك مىلتىق تەگلەيدۇ،
قومۇشلۇققا ئاتقىلى.

مېنى تۇتۇش قەستىدە
ئوتنى قويدى قومۇشقا.

خاندىن بۆيرۇق چۈشۈپتۇ
سۈلۈن① كوزۇم ئويۇشقا.

قومۇشلۇققا ئوت قويسا
مەن نوزۇكنى تاپالماس.
مەن نوزۇكنى تاپقاندا
تىرىك قولغا ئالالماس.

ئالتە ئاي بولدى يالغۇزمەن
قەشقەر يولىن بىلمەسمەن،
خۇدا ئامان ساقلىسا
چىرىكلەرنى كورمەسمەن.

ئاتام مىنى ئويلايدۇ،
نوزۇگۇم دەپ يىغلايدۇ.
جان ئاكامنىڭ ھەسرىتى
يۈرىگىمنى تىلغايدۇ.

قومۇشلۇقتا سايرىغان
ئوردەكمىكىن، غازمىكىن؟
يۈرىگىمنى يىرىپ باق
تازا يىرى بارمىكىن؟

شۇنداق ئىغىر كۈنلەردە
يار يىنىمدا بولساگچۇ!

① سۈلۈن — چىرايلىق.



مۇنداق كۈننى كورگەندىن،
يەر قوينىغا ئالساڭچۇ!
. . . . . . . . . .
كەپە قىلدىم ياۋانغا،
چېرىك كەلدى داۋانغا.
جېنىم ئازلا قالغاندا
تۇتۇلدۇم مەن قاۋانغا.

ئاخىرى مىڭ بىر مۇشەققەتتە مانجۇ چېرىكلىرى نوزۇگۇمنى تۇتۇۋالدى. پۇت-قولىنى مەھكەم باغلاپ، ئۇنلىغان چېرىك توت ئەتىراپىدىن يالاپ، ئالدى-ئارقىسىنى چارلاپ، ئۇدۇل ئىلى يامۇلىغا ھەيدەپ كەلدى. يامۇل ئىچى ئالاقزادىلىككە تولدى. پوتەيلەرگە جالالاتلار قارا قاغىدەك قوندى. نوزۇگۇم ھاياتتىن ئۈمىت ئۈزدى:

نوزۇك قولى باغلاندى
ئولتۇرمەككە چاغلاندى.
قەشقەردىكى ئاتامنىڭ
يۈرەك باغرى داغلاندى.

يالغۇز غېرىپ نوزۇكنى
"ش" يامۇلغا سولاشتى.
قان ئىچمەككە چېرىكلەر
چۇمۇلىدەك ئولاشتى.

تۇتقۇن قىلىپ نوزۇكنى،
قورقۇتقىلى بولمىغاي.

باغى ئۈچۈن جان بەرسە
دىلدا ئارمان قالمىغاي.

دۈۋاك خاندىن خەت كەلسە
نوزۇگۇمنى "چىپىك" دەپ.
يۇرتداشلىرىم ئېيتىدۇ
"شېھىتلىكنى تېپىك" دەپ.

جاڭجۇڭ نوزۇگۇمنى سوراق قىلدى. قەھرىمان نوزۇك جاڭجۇڭ ئالدىدا مەردانە تۇرۇپ سوزدە قاتتىق ئېلىشتى. جاڭجۇڭ نوزۇگۇمنى دارغا ئېسىپ ئولتۇرۇشكە بۇيرۇدى......

مويتۇگزا ئادەم دېگىزىغا ئايلاندى. نوزۇگۇم كوز يېشى قىلىۋاتقان قېرىنداشلىرىغا قاراپ:

— ئېزىز ۋەتەنداشلىرىم! زالىملار مېنى دارغا ئاسماقچى، قولىدىن كەلگىنىنى قىلسۇن، مەن ئولۇشتىن قورقمايمەن. مەن ئولگەن بىلەن مېنىڭ قوۋم - قېرىنداشلىرىم ئولمەيدۇ، — دىدىدە لاغىلداپ تىترەۋاتقان جاللاتقا خىتاپ قىلدى:

بۇيرۇغىڭنى بەر جاللات
مېنى دارغا ئېسىشقا.
ئەل قىساسى مىنەلھەق
ساڭا يول يوق قېچىشقا.

مېنى دارغا ئاسقاندا
ئاگاھ بول ئوز ئېشىڭغا.
روھىم گورزى - ئومۇت بوپ،
بىر كۈن تېگەر بېشىڭغا.

ئەلقىسسە، نوزۇگۇم مەردانە ھالدا دار ئاستىغا ئۆزى كەلـدى. مەيداندا قىيا - چىيا كۆتىرىلدى. نوزۇگۇم جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن كوكنى لەرزىگە سالدى:

ھېچكىم مەندەك بولمىسۇن
بالالارغا قالمىسۇن.
ماڭا كەلگەن دەرت - ئەلەم
ھېچ بەندىگە كەلمىسۇن.

سەل ئەمەستۇر ئاققانلار،
بىزنىڭ توككەن يېشىمىز.
قانلىق قىلىچ قەھرىدىن،
كېسىلمەكتە بېشىمىز.

كويۇپ يانسۇن زالىملار
تاجۇ - تەختى كۇل بولسۇن.
ئەركىنلىك دۇشمەنلىرى
يەر بىلەن يەكسان بولسۇن.

غەم - غۇسسىگە باش ئەگمە
ئەلنى باسقان تۇن كېتەر.
ئوت قۇياشتەك نۇر چاقناپ،
بىزنى پارلاق كۇن كۇتەر.

# سمیت نوچی

قەشقەر خەلقىنىڭ پىخانلىق كوز يېشى بىلەن قوشۇلۇپ ئاققان تۈمەن دەرياسى بويىدا، كوزىچى يارېىشى قويىنىدا① سېيىت ئىسىملىك بىر ئەزىمەت بارلىققا كەلدى، ئۇ شىرنىڭكىدەك كەڭ كوكرىكى، يولۋاس تاپىنىدەك ئالقىنى بىلەن ھەممىنى ئۇ-زىگە جەلپ قىلدى. توت دەرۋازىنىڭ ئىچى ۋە تېشىدىكى غې-رىپ-غۇرۋا، يېتىم-يېسىرلار ئۇنى ئۇزىگە ئاشىنا بىلدى. ئۇن بەش ياشقا بارغاندا توشۇك دەرۋازىسىدا② بىر ناۋايغا شىمكا بولۇپ كىردى.

ئەگلەك بىلەن ئۇن تاسقاپ،
ئوتمەكتە ئومۇر.
ئەتىگەندىن كەچكىچە
ئەيلەيمىز خېمىر.
خېمىر تاۋلاپ بولۇپتۇ
بىلەكلەر تومۇر.
سېيىت نوچى گىردىسى دەپ،

---

① كوزىچى يارېېشى — تۈمەن دەرياسىنىڭ شەرقىي جەنۇپ لېۋى-گە جايلاشقان مەھەللە ئىسمى.

② توشۇك دەرۋازىسى — قەشقەرنىڭ شەرقىي دەرۋازىسىنىڭ ئىسمى.

داگقىم يېيىلدى.
داستىخانغا دەرمان بولۇپ
ماختاپ يېيىلدى.
بۇ گىردىنى ھەر ياققا
ئېلىپمۇ كەتتى.
ئالدى ئاقسۇ، ئارقىسى
يەكەنگە يەتتى.
يىتىم - يېسىر باغرىنى ئۇ،
ماكانى ئەتتى.
نەچچە يىلدىن نىمكا ئىشلەش
تەنىنى پىشۇردى.
بىلەكلەرگە دەرمان بېرىپ
قۇۋۋەت ئاشۇردى.
بوزەك قىلىسا بەگ - غوجاملار
ئاجىز پۇقرانى.
قانداق چىداپ تۇرالايدۇ
سېيىت ۋىجدانى.
ئاگاھ بەردى سېيىت كوپ رەت،
ھوكۇما - بەككە.
نەزەرگە ھېچ ئىلمىغاندا
قېتىلدى سەپكە①.

① سەپكە — بۇ يەردە شىكخەي ئىنقىلاۋىنىڭ ئالدى - كەينىدە پۈتۈن مەملىكەت بويىچە مەنچىڭگە قارشى قوزغىلغان "گىلاۋخۇي" تەشكىلاتىنىڭ قەشقەردىكى شوبىسى نەزەردە تۇتۇلىدۇ.

ئەلقىسسە، ئايلار ئۆتتى، يىل ئۆتتى. سىيىت ئاخۇن گىلاۋ-خۇيچىلارغا قېتىلىپ سىيىت گاڭگۇڭ دەپ ئاتالدى. قان شورىغۇچ تىرىكتاپ بايلار، پارىخور ئەمەلدارلارنىڭ كوزىگە مىخ بولۇپ قادالدى. سىيىت نوچىنىڭ ئۈستىدىن داتلاپ ماتىتەي①نىڭ ئالدىغا بەگزادىلەرنىڭ ئەرز-شىكايىتى ياغدى.

ئەمدى گەپنى سىيىت نوچىنىڭ ئوزىدىن ئاڭلاڭ:

قارا ساچىم يەلپۈنۈپ
قاشىمغا چۈشتى.
تۇمەن سەۋدا، بالالار
باشىمغا چۈشتى.
بولدى مېنىڭ يولەنچىم
گىلاۋخۇي هاشىم②
چامباشىلىقنى ئۆگەتتى ئۇ،
جان دوست-ئاداشىم.
گىلاۋخۇيغا جەم بولدۇق
دارىنغا قارشى،
خىيانەتچى، پارىخور
زالىمغا قارشى.
بەلنى باغلاپ يەك تۇرۇپ

---

① ماتىتەي — 1911-يىلدىن 1923-يىلغىچە قەشقەردە هوكۇمرانلىق قىلغان فاشىست هەربى ئەمەلدارى، ئەسلى ئىسمى ماپۇشىڭ.

② هاشىم گىلاۋخۇي — يەكەنلىك ماهىر چامباشچى بولۇپ، ئۇ گىلاۋخۇيغا قاتنىشىپ، يەكەن، قەشقەر ئەتراپىدا داڭ چىقارغان. ئۇنى كىشىلەر هاشىم گىلاۋخۇي دەپ ئاتىغان.

كوتەردۈق غەۋغا.
مەيلى دىدۈق بىزنى باغلاپ،
ئاسىسمۇ دارغا.
هەر قەيەردە ئۇم بولۇپ،
باشلىدۇق جىدەل.
ئەل ئاغزىدا داڭقىمىز
بولۇپتۇ غەزەل.
قەشقىرىمدە ماتىتەي
يارلىق چۈشۈردى.
سىيىت نوچىنى تۇتۇڭلار دەپ
بۇيرۇق چۈشۈردى.
يوقتىلدى گىلاۋخۇي
زىندانىدا هاشىم.
زۇلۇم، كۇلپەت قايىنىمدا
قىلىپتۇر باشىم.
قەشقىرىمدە كۈن ئالماق
تەس بولدى، كەتتىم.
ياۋا قۇشتەك ئايلىنىپ
ئاقسۇغا يەتتىم.
قەشقەردىنمۇ بەك غېرىپ
غۇرۋانە ئاقسۇ.
خاراپزارلىق ئوچىغى
ۋەيرانە ئاقسۇ.
راۋابىمنى هەمرا قىلىپ،
يەتتىم كۇچارغا.

ئالته چېرىك بىر بولۇپ
ئالدى ئارىغا.
ئالته چېرىك ئارىسىدا
شۇنچه مۇشلاشتىم.
قاراشەھەر دەرۋازىسىنى
پەشۋادا ئاچتىم.

ئەمدى گەپنى قاراشەھەردىن ئاڭلايمىز.

ئەلىقىسسە، سىيىت گاڭگۇك قاراشەھەرنىڭ بىقىنىدىكى، چوڭ كوۋرۇكنىڭ قېشىدىكى، دەريانىڭ ئىقىنىدىكى خوجىۋلوق بونجالىققا كېلىپ راۋابىنى ئالدى، زەخمەك ئۇرۇپ تارىغا شۇندداق لەرزان چالدى، تەرەپ-تەرەپتىن كەلگەن ئەھلى جاپاكەش، مۇساپىر-مۇجاپىرلار ئۇنىڭ قولىغا قاراپ قالدى. راۋاپ ئاۋازى ئۇلارنىڭ يۈرىگىگە بىر ئوت سالدى.

بىر چاغدا سىيىت نوچى شۇنداق قاراپلا ھەيۋەت بىلەن باستۇرۇپ كېلىۋاتقان بىر پارچە قارا بۇلۇتنى كوردى، سىيىت ئاخۇن دىدىكى: بۇ خۇدانىڭ كارامىتىمۇ، يا ئەزرائىلىنىڭ مالامىتىمۇ؟ ياكى بىر كاساپەتنىڭ ئالامىتىمۇ؟......سىيىت ئاخۇن سەپسىلىپ قارىغۇدەك بولسا، كېلىۋاتقىنى قارا بۇلۇت ئەمەس، ئات تۇياقلىرى ئاستىدا كوتىرىلگەن توپا-چاڭ ئىكەن، ئاتلىقلار ئالدىدا كېلىۋاتقىنى قارا شەھەرگە نامى پۇركەتكەن بىر زالىملىق بالىسى پور بايۋەچچى دىگەن چۇلە-زاڭ ئىكەن، ئۇنىڭ ئەخمەقلىغى، پوچىلىغى پۈتۈن قاراشەھەرگە داڭ ئىكەن.

پۇقرالار دىدىكى، ھەي سىيىت نوچى — سىيىت گاڭگۇك! ئالدىڭدىكى ئاتلىق پور بايۋەچچىدۇر، خۇمسىلىقتا ئوتۇپ كەت-

كەن بىر بەچچىدۇر، ئاتا ـ ئانىسى، ـ چاپارمەنلىرى قىرىق نەچچىدۇر، ئۇنىڭ يولەك ـ پاناھى چوڭ، خەلق ئالدىدا گۇنايى چوڭ، ئۇزىنى شىر سانايدۇ، نوچىلىقتىن تامايى چوڭ. ئۇنىڭ ئۆزى ئۆتۈپ كەتكەن مۇتىھەم لالما، ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشىپ قالما، بەل تۇتۇشۇپ چېلىشىپ قالما، بەل تۇتۇشىشاڭ دەس كوتەر، بانپىشىڭغا ئالما!

سېيىت نوچى شۇنداق قارايدىغان بولسا، پور بايۋەچچىنىڭ بىر قولىدا تىزگىن، بىر قولىدا قامچا، كەينىدە ئون نەچچە چېرىك غالچا، غالچىلار قولىدا نەيزە، كالتەك، ئاغامچا.

پور بايۋەچچە سېيىت ئاخۇنغا قاراپ دېۋەيلەپ، ئۇزـ ئۇزىچە كورەڭلەپ، نىمە دەيدۇ قېنى، قامچىسىنى تەڭلەپ:

قەيەرلىكسەن، نەلىكسەن؟
ئاتىڭنى سوزلە.
راۋاپ. زەخمەك قولۇڭدا
'تىڭنى سوزلە.
نايىغىمغا باش قويۇپ
دادىڭنى سوزلە.
قەيەرلىكسەن، قەلەندەر،
دىۋانىمۇ سەن.
يا بېشىڭغا كۇن چۈشكەن،
سەرسانىمۇ سەن؟
ۋەيا داچەن دەردىدە
ئاۋارىمۇ سەن؟
ياكى ئوغرى بۇلاڭچى
قاراقچىمۇ سەن.

قانداق غەرەزدە كەلدىڭ
هالىڭنى سوزلە.

سېيىت نوچى بۇ هاقارەتنى ئاڭلاپ دەر غەزەپ بولۇپ، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، كېلىشكەن قاپ ـ قارا بۇرۇتىنى بىر تولغاپ قويۇپ نىمە دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ دەڭلا:

ئېزىزانە قەشقەرنىڭ
سېپىل تېشىدىن.
شىرىن ـ شەرۋەت سۇيى بار
تۇمەن قېشىدىن.
خۇمدانچىلار مەلىسى ـــ
كوزىچى يارېشىدىن.
چىققان سېيىت ئىسمىلىك ـــ
پىقىر يىگىتمەن.
كىچىگىگە كىچىكمەن
چوڭىغا چوڭمەن.
پىششىغىغا پىششىقمەن
توڭىغا توڭمەن.
تەتۈرىگە تەتۈرمەن
ئوڭىغا ئوڭمەن.
مىسكىنلارنىڭ مۇڭدىشى،
ئامراق يىگىتمەن.
ئالداشنىمۇ ئۇقمايمەن
رەمبال ئەمەسمەن.

يا قەلەندەر، دىۋانە
ھابدال ئەمەسمەن.
خەقنى ئۈرۈپ - سوقمايمەن
ئامبال ئەمەسمەن.
يامىندىن قورقمايمەن
چەبدەس يىگىتمەن.
نەگە بارسام ھەمرايىم،
مىنىڭ راۋابىم.
چالسام سازىم، مادارىم
قىلسام تاۋابىم.
بىلمەك بولساڭ شۇ ساڭا
بىرەر جاۋابىم.
ئەزىزانە قەشقەردىن
چىققان سىپىتمەن.

پور بايۋەچچە دىدىكى: ئەي ئەھلى يۇرتى يوق ھاراماـ زادە، مەن بولسام ئارزۇلۇق بەگزادە، كىيىم - سەرپايىلىرىم ئازادە، بەخت - دولەتتە يېتىشەلمەيدۇ ماڭا ھەرقانـچە شاھزادە. مەن بولسام قاراشەھەردە ئاتالغان كاڭگۈكمەن، نامى شوھرەتتە رۇستەمى داستاندىن چوڭمەن. قېنى، كۈچ سىنىشايلى، بىر قەپەس ئېلىشايلى. كاڭگۇك بولساڭ مەيدانغا چۈش چېلىشايلى.
سېيىت نوچى دىدىكى: سەندىن قورقۇنچ، دىشۋارىم يوق. ساڭا ئاتار پەشۋارىم يوق. بىر پەس ئارام ئالغىلى قوي، ئىكـ كى پەردە چالغىلى قوي.
پور بايۋەچچە دىدىكى: پۇراپ باقساڭ مۇشتۇمۇمنى، يوقىـ

كەسەن ھوشوڭنى، بىر موشت بىلەن سىپىستاي جىگىرىڭنى-گوشوڭ-نى، باش ئۈستۈڭگە قوندۇراي ئەجەل-ماتەم قوشوڭنى!

پور بايۋەچچە شۇ سوزلەردىن كېيىن سېيىت نوچىغا شۇنداق بىر موشت ئاتتى، موشتى قاڭقىپ كېتىپ ئوزى ئېغىناپ بىر ئازگالدا ياتتى، زەي-پاتقاقتا پاتتى، بۇ ئىزاغا چىدالمىغان پور بايۋەچچە سېيىت گاڭگوڭغا شۇنداق بىر پەشۋا ئاتقان ئىدى، بايۋەچچىنىڭ پوتلىرى سىقىراپ كەتتى، كالىسى پىقىراپ كەتتى، ئوزى بىلەن ئوزى "ۋاي پوتوم!" دەپ چىقىراپ كەتتى. ئونى بوغۇلۇپ خىقىراپ كەتتى. "يىقىلغان چېلىشقا تويماپتۇ. توۋا قىلسا كوڭلى قويماپتۇ" دىگەندەك پور بايۋەچچە پوتون كوچىنى كالىسىغا يىغىپ سېيىت نوچىنىڭ مەيدىسىگە شۇنداق ئۈستىكى، بايۋەچچىنىڭ باش-كوزى زىڭىلداپ كەتتى، قۇلاقلىرى ۋىڭىلداپ كەتتى. پىشانىسى هوررەكلەپ سېسىق توخۇمدەك لىخىرلاپ كەتتى. بايۋەچچىنىڭ بېشى دوقمدىن ئوتوپ سوقىغا ئايلىنىپ كەتتى. خەلقى ئالەم ئالدىدا يوزى توكولگەن، قەددى پوكولگەن، يورەك-چېكى سوكولگەن پور بايۋەچچىنىڭ جېنى بوغىزىغا قاپلاشتى، سېيىت گاڭگوڭنىڭ ياقىسىغا كانىدەك چاپلاشتى. "ھەي سېھرىگەر گاداي! ئوزوڭگە سوزى ئەپسوننى ھورىۋاپسەن، ئادەم سىياقىغا كىرىۋاپسەن. جور يامولغا، مەن شۇ يەردە سىرىڭنى ئاچاي، باش-كوزوڭگە ئەدەپ دورىسى چاچاي......"

سېيىت نوچى دىدىكى: مەرتەم-مەرتەم ئوچ مەرتەم ئىدى، بونى ئوقمايسەن، ئوچ نوۋەتنى ساڭا بەرسەم ئوزوڭنى سوردمايسەن، ئاستا دىسەم بەك دەيسەن، داپقا چوشكەن مايافتەك سەكرەيسەن، كوروپ باق مېنىڭمو كارامىتىمنى!

سېيىت نوچى پور بايۋەچچىنىڭ ياقىسىدىن توتوپلا شۇنداق

بىر كوتىرىۋېدى ئۇ يىلتىزى يوق سېسىق كوتەكتەك، پاشنىسى يوق ئەسكى ئۇتۇكتەك يولۇنۇپ چىقتى. سېيىت نوچى ئۇنى بىر قولى بىلەن شۇنداق ئايلاندۇرۇۋېدى، ئەيۋەننىاس! چاقپىلەكمۇ ئۇند-داق ئايلانماس، پىر-پىر-پىر!!!...... سېيىت نوچى ئۇنى قارا شەھەر دەرياسىغا شۇنداق ئېتىۋېدى، پور بايۋەچچە خۇددى داشقا چۈشكەن ماشتەك، تاغدىن چۈشكەن تاشتەك، كوزىدىن چۈشكەن ياشتەك، توز قۇيمىغان ئاشتەك، قىلىچ ئۇزگەن باشتەك دەريانىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا چۈشتى.

ئەمدى گەپنى قارا شەھەر ئامباللىرىدىن ئاڭلايمىز: چېرىك-لەر پور بايۋەچچىنى سۇزۇۋېلىشتى، ئۇزلىرىنىمۇ ئازراق تۇزۇۋېلىش-تى. دېيىشتىلەركى: سېيىت نوچى تولىمۇ قارام ئىكەن، ئۇنىڭ خۇسۇسىدا بولەكچە ئويلاش هارام ئىكەن، كۈچ تۇرقىدا كوڭلى ئارام ئىكەن، كەمبەغەل پۇقرالار ئۇنىڭغا رام ئىكەن، ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشساق بىزگە خوۋلۇق بولماس. چىرايلىقچە سوغا-سالام ئارتۇق قىلىپ، بەزىسىنى ئارتۇق قىلىپ ئۇزىتىپ قويۇپ، ئۇ كەتكەندىن كېيىن بۇ زىياننى پۇقرالارغا چېچىپ بىرنى ئون قىلىپ ئۇندۇرۇۋالساق.

بۇ يامان نىيەتلىك غەرەزدىن سېيىت ئاخۇن تامامەن بىخەۋەر ئىدى. ئەتىسى ئۇلار قارا شەھەر ئېتىدىن بىرنى ئۇنىڭ-غا يوللۇق تۇتۇپ: "هەي سېيىت نوچى — سېيىت گاڭگوڭ، باللار سېنى رەنجىتىپ قويغان بولسا بىز ناماقۇل. سەپىرىڭدىن يانمساڭ، شەھىرىمىزدە تۇرۇپ قالمساڭ" دېيىشتى.

سېيىت ئاخۇن "بولىدۇ" دەپ جاۋاپ بېرىپ، يارۇ-دوست-لىرى بىلەن خوشلىشىپ ئاتقا بىر قامچا سالدى، ئىلىخوغا قاراپ يول ئالدى:

ئىلىخوغا بارماقلار
يولى خەتەردۇر.
زىمىستان قىش نەشتىرى
جاندىن ئۆتەدۇر.
مۇساپىرلار، دەرتمەنلەر
يولدا ياتادۇر.
ئۆز يۇرتىنى ياد ئېتىپ
غەمگە پاتادۇر.
ئىلىخوغا مەن بېرىپ
قالدىم بالاغا.
ياغاق يۈزلۈك چىرىكلەر
ئالدى ئاراغا.
ئالتىسىنىڭ سۇندۇرۇپ
ئۈتتۈر چىشىنى،
پەشۋا بىلەن، مۇشت بىلەن
ياردىم بېشىنى.
ئىلى دەريا بويىدا
چالدىم راۋاپنى.
خالاس ئەتتىم قۇل - يىتىمنى
تاپتىم ساۋاپنى.
قۇل - يىتىمنىڭ ياتقان يېرى،
يىتلىق ئاۋاقتا.
قۇل - يىتىمغا ئاش بېرەركەن
سۇنۇق تاۋاقتا.
ئاۋاقتىنى ئاي يورۇغى،

ئايدىڭدا چاقتىم.
قوش قولۇمنى قېتىق قىلىپ
دەريادا ئاقتىم.

× ×

يىگىرمە ئالتە ياشىمدا،
كۈنلەر چۈشتى باشىمغا.
ئەرزىمنى بايان ئەيلەي
يارۇ - دوست قاياشىمغا.
ئەزىزانە قەشقەردە
تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بويۇم بار.
شەھەر كېزىپ، يۇرت كورمەك،
ئىچكە تولغان ئويۇم بار.
شەمۇ - شەرنى ئايلىنىپ
ئۇچتۇرپانغا كېپقالدىم.
قولغا ئېلىپ راۋاپنى،
ھەر پەدىگە چېپقالدىم......
ئۇچتۇرپانلىق كوڭلىگە
سىيىت ئاخۇن يېقىپ قالدى.
ياقا يۇرتلۇق بولسامۇ
سوزلىرىم ئېقىپ قالدى.
يەتتى بولۇك - پۇچماقتا
يېيىلىپتۇ ئاتىغىم.
يول - يول ئىكەن ھەرياقتا،

ئەل - يۇرت بولدى ياتىغىم،
خالايىقلار دەر ئىدى:
— سىيىت نوچى كەلگۈسى،
ئۇنىڭ قەدىمى يەتمىگى،
ياخشىلىقنىڭ بەلگىسى......
نائەھلىلەر شۇكەمدە،
ئىچى ئاداپ ھالىمغا،
نوھمەت توقۇپ ئۇستۇمدىن،
ئەرز قىپتۇ دارىنغا:
"سىيىت يۇرتنى ئازدۇردى،
ئوغرىلارنى جەم قىلىپ،
سىزگە ئورا قازدۇردى،
بۇ يۇرتقا بالا تىرىپ،
ئۇنى يوقىتىڭ دەرھال
توخۇمى قۇرۇپ كەتسۇن،
ئۇ يالاڭتوش غەۋغاچى،
يەر يۇتۇپ چىرىپ كەتسۇن......"
يالپاق بورۇن دوتەينىڭ،
رەڭگى - روھى ئوڭۇپتۇ،
سىيىت توغرىلىق خىيالى،
ھەر كوچىغا مىڭىپتۇ،

ھەممىگە ئايان ئىكەنكى، ئۇچتۇرپانىنىڭ ئامبىلى ماشاۋۇ ئەسلىدە قەشقەرنىڭ دوتىيى بولۇپ، گىلاۋخۇيچىلارنى يوقىتىشتا داڭ چىقارغان چوڭ جاللات ئىدى. ئۇ شۇ چاغدىن

باشلاپ سىيىت نوچىنى تونۇيتتى. بىراق قەشقەردىكى چېغىدا سىيىت نوچىنى يوقتىش مەقسىدىگە يېتەلمىگەن ئىدى. گاڭگۇڭنىڭ تۇيۇقسىز بۇ يەرگە كېلىپ قالغانلىقى ئۇنى ناھايىتى ھەيران قالدۇردى. لېكىن ئۇ ئۇچتۇرپاندا سىيىت نوچىنى جايلىۋېتىشكە مۇمكىن ئەمەسلىكىنىمۇ بىلەتتى. بۇلارنى ئويلاپ يەتكەن بۇ ھىلىگەر يېگى خىزمەت ئارقىلىق خاننىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشمەك خىيالىدا سىيىت نوچىنى ئۇجۇقتۇرۇشنىڭ كويىغا چۈشۈپ كونا ھۈنىرىنى ئىشقا سالدى:

ھەي نوچى سىيىت گاڭگۇڭ
ئۇچتۇرپانغا خوش كەپسەن.
مەن كورۇپ دىدارىڭنى
بولدۇم تولىمۇ خۇرسەن.
تەڭ كەچكەن ئەمەسمىدۇق،
تۇمەن دەريا بويىنى.
تەڭ ئىچكەن ئەمەسمىدۇق
ئۇنىڭ شەرۋەت سۇيىنى.
تەڭ ئاڭلاپ ئەمەسمىدۇق
ھىيت ـ ئايەم كۈيىنى
بىللە كورۇپ كەزگەن بىز،
ئەزىز قەشقەر باغرىنى.
ھىيت ـ ئايەمدە تەڭ ئاڭلاپ،
كاناي، سۇناي، ناغرىنى.
قەشقەرلىكنى كورگەندە
تەنگە سىغماي كېتىمەن.

داسقان سېلىپ ئالدىغا،
ئىززەت - ئىكرام ئېتمەن.
ھەي نوچى، سېيىت گائىگۈلۈك،
يۈرسەڭ، ئوردىغا بارساڭ.
ئوسقىنىڭ چۈشۈپ قالسا،
بۇ يۈرتتا تۇرۇپ قالساڭ.
ماقۇل دەپ سېيىت نوچى
ئوردىدا تۇرۇپ قاپتۇ،
پۇلەپ يەل بېرىش، ماختاش
جايىغا بېرىپ قاپتۇ.
ئاق تەنگە بىلەن چوكان،
كۈنمۇ - كۈن كېلىپ قاپتۇ.
يالپاق بۇرۇن مادارىن
ھەرياڭزا كۈلۈپ قاپتۇ.
ئاي - يىللار ئۆتۈپ مەزگىل،
بىر يەرگە بېرىپ قاپتۇ.
شۇنداق بىر كۈن كېچىدە،
سېيىت نوچى چۈشىدە،
ئانىسىنى كورۇپ قاپتۇ.
قەشقەرگە كېتەيىن دەپ،
مىسكىن ئانا قېشىغا،
پات بېرىپ يېتەيىن دەپ،
قېرىغان چېغى يېنىدا،
خىزمەت قىلىپ ئۆتەيىن دەپ.

ئۆز قولىدىن ئېشىنى،
بىر لوقما ئىچەيىن دەپ،
مانا شۇنداق ئويلاپتۇ،
ئۆي بويىنى بويلاپتۇ.
دارىنى ئالدىغا كىرىپ،
ئىجازەتمۇ سوراپتۇ.

ئەلقىسسە، سىيىت نوچى شۇ كۈنى تاڭ ئېتىش بىلەن، مادارىيىنىڭ ئالدىغا كىرىپ كەلدى ۋە بۇ ئەرزنى بايان قىلدى:

قوي ئىزلەر قوزىسىنى،
قوزىمۇ ئاناسىنى،
ھاۋادىكى قۇشلارمۇ،
ئىزدىنار ئۇۋاسىنى.
سىغىندىم يۈرەك - دىلدىن،
ئانام مېھرىبانىمنى،
سىغىندىم — ئېتى مەمەت،
ئۇكامنى - غەمگۇزارىمنى.
تۆمەن دەريا سۈيىدىن،
يىغىنچە يۇتاي دەيمەن.
غەمگۇزارىم ئانامنىڭ،
ئالدىدا ئۆتەي دەيمەن.
يار بېشىدا ئولتۇرۇپ،
راۋابىم چالاي دەيمەن.
قىرىپ، غورۇا، يارەننىڭ

كوڭلىنى ئالاي دەيمەن.
قەشقەرگە باراي دەيمەن،
مېھرىگە قاناي دەيمەن.
مادارىن ئىجازەت بەر،
يولغا ئاتلىناي دەيمەن.

مادارىن شۇنداق جاۋاپ بەردى:

ئىجازەت بېرەي دىسەم،
مەن ساڭا چىدالمايمەن.
باشتىلا دىمەپمىدىم،
سەندىن ئايرىلالمايمەن.
ئىجازەت بېرەي گاڭگۇك،
چارەم يوق بولەك ياڭزا.
يوللۇغۇم بېرەي ياچەن،
تېخى بىر چىلىم غاڭزا.
يالغۇز ئانىغا سەندەك،
جان كويەر ئوغۇل لازىم.
ئالدىغا بېرىپ دەرھال،
ئاڭا ئەيلىگىن تازىم.
قەشقەردىكى تىنتەيگە
خەت يېزىپ بېرەي ئېپكەت.
خەتنى كورسە ماتىتەي،
دەيدۇ ساڭا كوپ رەھمەت.
سەن ئۆزەڭ سېيىت گاڭگوڭ.
قىلدىڭ بىزگە كوپ خىزمەت.

ئەجرىڭ قەدرىگە لايىق،
مەنمۇ بىلدۈرەي ئىززەت.
بۇ خىتمنى ئاپىرىپ،
بەر تىتەيىنىڭ ئوزىگە،
سىنى باشلىق قىپ قويار،
توت داۋزىنىڭ بىرىگە.
باشلىق بولۇپ شۇندا سەن،
ئوييناپ كۈلۈپ ئوتەرسەن.
گاڭگۈڭ نامىڭغا لايىق،
مۇرادىڭغا يىتەرسەن.
بۇ يۇرتتىن كىتەر بولدۇڭ،
ئىچىمگە سىلىپ ئوتنى.
ئەته يولغا چىق گاڭگۈڭ
تەييارلاپ قويماي خەتنى.

ئەلقىسسە، مادارىن ئۇخلىماي خىتنى يازدى، گاڭگۈڭنىڭ ھايات يولىغا ئەجەل خەندىگى قازدى. ئەتىسى سىيىت نوچى بۇ خەتنى ئىلىپ، قوينىغا قاتلاپ سىلىپ، دارىن ئالدىدىن چىقىپ، جاپاكەش پۇقرالارغا تويىماي بىقىپ، يۇرىكى شامدەك ئىقىپ شۇنداق دىدى:

خوش بۇرادەر، يارەنلەر،
بىللە ئوييناپ ئوتكەنلەر.
ئوززەمنى ئىيتىپ قالاي،
قەشقەرگە كىتىپ قالاي.
داغى پەرزەنت ئانامنىڭ

قان قېرىنداش ئۇكامنىڭ
مېھرىگە قېنىپ ئالاي.
قىلغان بولسام مەنمەنلىك
ئۆتكەن بولسا سەۋەنلىك،
كەچۈرۈڭلار يۇرتداشلار،
خەير - خوش قېرىنداشلار.

ئەلقىسسە، سېيىت نوچى يار - بۇرادەرلىرى بىلەن خوشلى‍
شىپ، قەشقەرگە قاراپ يول ئالدى. ئۇچتۇرپاندىن ئۆزاپ كەت‍
كەندە، مارالۋېشىنىڭ تومشۇغىغا يەتكەندە نوچىنىڭ ئېتى بىر
شورلۇق يەرگە پاتتى. سېيىت نوچى ئاتتىن چۈشۈپ كوتىرىم
تارتتى. تۆز ئارتقان ئېشىكىنى ھەيدەپ پاتقاقتىن ئامان چىققان
بىر تۆزچى بوۋاي بۇ ھالنى كورۇپ ھەيران قالدى. سېيىت
نوچىغا ياردەملىشىپ ئاتنى تارتىپ ئالدى. تۆزچى بوۋاي
ئېيتتىكى:

ئوغلۇم سېنىڭ چىرايىڭ،
زەپمۇ ئېلىلىق كورۈندى.
ئېتىڭ پېتىپ شورلۇققا،
خەۋپتىن خەۋەر بىلىندى.
سەپىرىڭدىن بىر گۇمان،
ئايان بولدى كوڭلۇمگە.
مەنزىلىڭگە يەتكۈنچە،
ئاگاھ بولغىن ئۆزۈڭگە.
ئېيتقىن نىمە قىسمەت بار؟

سەپىردىگە، ئىشىگدا،
ئۆتكەن قانداق خىسلەت بار؟
سېنىڭ مىسكىن بېشىگدا.

ئەلقىسسە، سېيىت نوچى تۆزچى بوۋايغا سەرگۈزەشتىلىرىنى ھېكايە قىلىپ بەردى، مادارىنىڭ خېتىنى قويىنىدىن ئېلىپ پوتىسىغا مەھكەم تۈگدى.

تۆزچى بوۋاي ئېيتتىكى:

— ئەي ئوغلۇم، ئۇشبۇ خەتنى يېنىگدا ساقلاپ يۈردۈڭمۇ؟ قېتىنى ئېچىپ ئوقۇپ كوردۈڭمۇ؟ بۇ زاماننىڭ ئامباللىرىدا ئىنساپ قالمىدى. نادانلىق قىلىپ تەۋەككۇل كەمسىردە بېلىگنى باغلىما، دارىنىڭ خېتىنى سەل چاغلىما، پالاكەت باسمىسۇن سېنى، خەتنى ئوقۇپ باقايلى قېنى.

سېيىت نوچى ئېيتتىكى:

ئامانەتكە خىيانەت،
نامەرت ئىشىدۇر.
پالاكەتنىڭ ئامرىغى،
قورققان كىشىدۇر.
ھاياتىمدا نامەرتلىك
قىلغان ئەمەسمەن.
جاننى ئالتۇن - كۈمۈشكە،
ساتقان ئەمەسمەن.
كەلسە ئەجەل ناۋادا
جاننى ئالادۇر.

سۇلار ئېقىپ ئاستىدا،
تاشلار قالادۇر.
قەشقىرىمدە يارەن كوپ،
يالغۇز ئەمەسمەن.
كىمكى قىلسا ياماناىق،
ئادەم دىمەسمەن.

تۇزچى بوۋاي ئېيتتىكى: خەير ئوغلۇم، ساڭا ئاق يول بولسون. خەۋپ-خەتەر سەندىن يىراق تۇرسۇن. دۇشمىنىڭە قان قۇسۇپ ئۇلسون، دوستلىرىڭ شات-خورام كۇلسۇن.

ئەلقىسسە، سىيىت نوچى تۇزچى بوۋاي بىلەن خەيرلىشىپ ئېتىغا يەنە مىندى. ئالغا قاراپ يول يۇردى، يول يۇرگەندىمۇ مول يۇردى. يولنى كوپ بېسىپ، كورگەنلا يەردە كىشلەر قازان ئېسىپ، ئاخىردەمدە قەشقەرگە يېتىپ باردى. قان ياش ئاقار تۇمەن دەرياسى بىلەن كوزىچى يار بېشىنى كوردى.

سىيىت نوچى دىگەن گاڭگۇڭ،
دوڭنىڭ ئۇستىگە چىقسا.
ئانا مېھرىنىڭ شامى،
باغرىدا ئېرىپ ئاقسا.
ھەر ياقتىن خاراپ يۇرتى،
ھەسرەت ئوتىنى ياقسا.
تۇمەن تولغىدەك قان ياش،
تۇرماي تامچىلاپ ئاقسا.
ياش تولغان كوزى بىرلە،

تويماي ھەر تامان باقسا،
ئىشىككە كېلىپ قاقسا،
ئىشىك تاقىلىپ قاپتۇ.
چىراقمۇ ئۆچۈپ قاپتۇ.
ئانىسى غېرىپ مەزلۇم،
ئاھ...... چىكىپ يېتىپ قاپتۇ،
غەملەرگە پېتىپ قاپتۇ.
ئۇخلاپمۇ قېتىپ قاپتۇ.
جان ئانا.... جېنىم ئانا........
دەپتۇ سوزىنى باشلاپ.
ئاڭلىتالماي ئوگزىگە،
قوشلاپ چالمىنى تاشلاپ.
يەنە تەكرار توۋلاپتۇ،
بوتىلاقتەك بوزلاپتۇ.
جاراھەتلىك باغرىنى،
ھەسرەتلىرى تۇزلاپتۇ،
توۋلاشلىرى تېزلەپتۇ.
ئاخىر ئاڭلاپ ئانىسى،
ياندۇرۇپتۇ چىراقنى.
ئويلاپ يېقىن - يىراقنى،
ئىچىنى خىيال ئۇراپتۇ،
كىملىگىنى سوراپتۇ.
— جان ئانا، جېنىم ئانا،
دىگەن بىر نادا كەلدى.
— ئىشىگىنى ئاچ جان ئانا،
مۇساپىر بالاڭ كەلدى.

شۇ سوز بىلەن ئانىسى،
ئىشىككە ئۇقتەك ئېتىلىپ،
سوزگە قان ياش قېتىلىپ،
بوينىغا گىرە سېلىپ.
هارماڭ بالىكام دەپتۇ.
يىرتىق داستىخان ئېچىلىپ،
گۇلە، قاقلار چېچىلىپ،
هېجىردا چاي ئىچىلىپ،
ئويگە ئادەم تولۇپتۇ.
تۇنىمۇ تامام بولۇپتۇ.
ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا،
مەزىن ئەزەن ئېيتقاندا،
سېيىت نوچى جامەدە
جامائەتنى كورۇپتۇ.
يىغلاپتۇ هەم كۇلۇپتۇ.
ئويگە قايتىپ كېلىپتۇ.
ئېگىلىپ سالام بېرىپتۇ.
پەستە تۇرۇپ قول باغلاپ،
چاپان كىيىپ بەل باغلاپ،
ئانىسىغا خۇش قاراپ،
شۇنداق بىر سوز قىلىپتۇ.
مەن يامۇلغا كىرەيمەن،
ماتىتەينى كورەيمەن.
ئالدى بىلەن ئۇنىڭغا،
هورمەت سالام بېرەيمەن.

سوگره ئامانەت خەتنى،
ئوز قولىغا بېرەيمەن
شۇنداق دەپ سېيىت ئاخون،
ئىجازەتنىمۇ ئاپتۇ.
خۇداغا ئامانەت دەپ،
ئاللا ئىشىكتە قاپتۇ.
.................
خەتنى ئوقۇپ ماتتەي،
باشنى ئاستا چايقاپتۇ.
يۇمشاق كۆلكىدىن نوچى،
هەر ئەهۋالنى بايقاپتۇ.
شۇندا تۈزچى بوۋاينى،
دەررۇ يادىغا ئاپتۇ.
شۇ ئوي، شۇ خىيال بىرلە،
تىتەيگە قاراپ قاپتۇ.
سوگره سوزلەپ ماتتەي،
ئۈچ كۈنلۈك سۈرۈك دەپتۇ.
ئۈچ كۈن كېيىن يامۇلغا،
سەن، ئوزەڭلا كەل دەپتۇ.
بىز كېڭەشنى پۈتتۈرسەك،
پېشانەڭگە يېزىلغان
كارامەتنى كور دەپتۇ.

ئۈچىنچى كۈن سېيىت ئاخون،
ئاجايىپ چۈش كورۈپتۇ.

چۈشىدە تېخى شۈنچە،
ئۇرغۇنلا ئىش كورۇپتۇ:
چوڭ يولدا كېتىپ بېرىپ،
قارا ئىتنى كورۇپتۇ،
ئويغىنىپ ئۇ ئويلاپتۇ،
باش - ئاياقتىن ئويىنى.
دەرھال بېرىپ ھامماغا،
سۇغا ساپتۇ بويىنى.
ئانىسىغا سوز قوشۇپ،
دەپتۇ: سەندىن سورايمەن،
بۈگۈن ئۇلۇغ جۈمە كۈن،
ئاپپاق غوجامغا چىقىپ،
ناماز ئوقۇپ كىرەيمەن.
ئانا بېرىپ ئىجازەت،
ئىشىك تۈۋىدە قاپتۇ.
دۇئا بىرلە سېپىت ئاخۇن،
ھەزرەت ياققا يول ئاپتۇ......

.........

ئاڭلىناتتى ھەرياندىن،
دەرت - ئەلەم، پىغان زارى،
تاشۋايدەك راۋاپچىنىڭ،
ئۈزۈلگەن يۈرەك تارى.
ئۈزمىلىك باغ ئەتراپى،
ئايلىنىپتۇ مازاغا.
يالىڭاچ تەن، يوقسۇللار،
چىقالماپتۇ بازاغا.

ئارملاپ سپيت نوچى،
كوردى ئەلنىڭ ھالىنى،
بۇلاپ ئالغان ئاچكوزلەر،
يۇرتنىڭ بار-يوق مالىنى
كوزى چۈشتى ھەر يەردە
ياخشى بىلەن يامانغا.
يۇرگىدە ئوت ياندى،
لەنەت ئوقۇپ زامانغا.
ھەممە يۇرتتا خار پۇقرا،
دەرت-ئەلەمگە يار پۇقرا،
قان يىغلايدۇ ھەسرەتتە،
بۇردا نانغا زار پۇقرا،
ئاھ...... خۇدايا ئالەمنى،
ئوزەڭ ئالغان ھوددەڭگە،
رەھىم-شەپقەت قىلساڭچۇ،
بىزدەك مىسكىن بەندەڭگە.
ئالىمىڭنى كەڭ قىلىپ،
زامانەڭنى تار قىپسەن.
ئادىمىڭنى ئەلەملەپ،
ئىت-ئىشەكتەك خار قىپسەن.
شاپائەت قىل قەشقەرگە،
شەپقىتىڭنى ياققۇزغىن،
قانغا تويماس زالىمنى،
ئوزەڭ زاۋال تاپقۇزغىن.
سپيت نوچى ھەر يەردە،

يىرتىق چاپان، تون كوردى.
توننى بويلاپ توكۈلگەن،
لەختە - لەختە خۇن كوردى.
يۈرەك باغرى ئۆرتىنىپ،
كاۋاپ بولۇپ ياناتتى.
ساماۋاردا ئولتۇرۇپ،
ئىچ - قارنىنى تولدۇرۇپ،
ئەل - يۇرت بىلەن موڭدۇشۇپ.
دىدارىغا قاناتتى.
ساماۋارنىڭ چۆرىسى،
ئادەم بىلەن لىق تولغان.
ئۈلۈق - ئۇششاق قەشقەرلىق
ئەتراپىغا جەم بولغان.
چىقىپ كەپتۇ بىر چاغدا،
بىر توپ چېرىك ئات بىلەن.
يارلىق ئېلىپ يامۇلدىن،
تىتەي يازغان خەت بىلەن.
چېرىك سالام بېرىپتۇ،
قاتارلىشىپ تۇرۇپتۇ.
سېيىت ئۇقۇپ ئەھۋالنى،
دەرھال يولغا يۈرۈپتۇ.
دوست - يارەنلەر ئەگىشىپ،
تولىسى گەپ تەگىشىپ،
يۈرگەندە تېز يۈرۈپتۇ.
كوپ خىياللار سۈرۈپتۇ.
نۇندە كورگەن چۈشىنى،

يول توسقان قارا ئۈتنى،
قانچە تەكرار كورۈپتۇ.
شەھەر يىقىن كەلگەندە،
قارىغا① سۇ بەرگەندە،
كۇسۇلدىشىپ چىرىكلەر،
سوزلەشكەننى كورگەندە،
— نىمە گەپ؟ دەپ سوراپتۇ،
جاۋاۋىنى تىڭشاپتۇ.
— باغلاپ ئەپكىر، دىگەننى؛
چىرىكلەردىن ئاڭلاپتۇ،
ئاڭلاپتۇدە - دەرھاللا،
ئوز - ئوزىنى ئوڭلاپتۇ.
بەلنى مەھكەم باغلاپتۇ.
باغلاڭلار دەپ قولنى،
ئارقىسىغا جۇغلاپتۇ.
ئۇ ئوزىنى يولۋاستەك،
گويا شىردەك چاغلاپتۇ.
چىرىك دىگەن تىترىشىپ،
چىۋىن ئوخشاش چىرمىشىپ،
سىپىت ئاخۇننى باغلاپتۇ،
ئاندىن بىر سوز ئاڭلاپتۇ:
— ھىچ گۇنا يوق سىلەردە،
خانىنىڭ ۋاجىپ يارلىغى.
يۇرت - جامائەت خوش ئەمدى،

① قارىغا — بەشكىرەم ھەزرەت يول ئايرىلىشىدىكى بىر جاينىڭ ئىسمى.

رىزا بولۇڭ قەشقەرلىق
ئۇلۇق ـ ئۇششاق بارلىقى.
يۇرت شۇ سوزنى ئاڭلاپتۇ،
يۇرەك باغرىن داغلاپتۇ،
كوكرەك كېرىپ سېيىت ئاخۇن،
ئالغا ماڭغان چاغلاردا
ھەممە ھور ـ ھور يىغلاپتۇ.

ئەمدى گەپنى قەشقەرنىڭ دارىيلىرىدىن ئاڭلايمىز:
ئۇ پۇقرالار بىلەن دىدار كورۇشۇپ بولغىچە يوق قىلدـ
ۇەتمىسەك بىزگە ئامانلىق بولماس، شۇڭا دەرھال سەكسەن
چېرىك ھازىر بولسۇن، سېيىت نوچىنى تۇتۇشقا يۇرسۇن، سېيىت
نوچى گۇندىخانىغا كەلتۇرۇلسۇن. سېيىت نوچىنى ئاشۇنداق كەلتۇـ
رۇشتى.سېيىت نوچى ماتىتەينى كورمەك تەلۇنى بەردى، تىتەي
قوبۇل كوردى. سېيىت نوچى شۇنداق دەپتۇ:

كېزىپ دەشتى ـ باياۋان،
ئاشتىم تاغ ـ داۋان.
نەگە بارسام پۇقرانىڭ،
ھالى بەك يامان.
ەڭگى سۇلغۇن، زەپىران،
باغرى لەختە قان.
ئىچكىنى ئوغا، زەھەر،
چەككىنى پىغان.
ئۇچتۇرپاندا مادوتەي،
يېزىپ بەردى خەت.
سىزگە تىلەپ ئامانلىق،

بەخت - پاراغەت.
مادوتەيىنىڭ خېتىنى،
مەندىن ئالدىڭىز.
ئەمدى نېچۈن بىلمىدىم،
ئايىنىپ قالدىڭىز؟

ئەلىقىسسە، ماتىتەي مۇغەمبەرلىك بىلەن سېيىت گاڭگۇكنى قاراپ قالدى، خۇپسەنىلىك بىلەن ھېچنىمىنى ئۇقماس كىشى بولۇۋېلىپ ئۆز يېغىدا ئۆزىنى قورۇشقا پۇرسەت تاپتى، ھىيلە-مىكىرلىك نىقاۋىنى يۈزىگە تارتتى:

ھەي نوچى، سېيىت گاڭگۇك،
ئۆزەڭنىڭ ئولۇمنامەڭ،
سەن ئۆزەڭ ئېلىپ كەپسەن،
مېنىڭ بۇ يۇرىگىمگە،
نادامەت سېلىپ كەپسەن.
خەت بىلەن مېنىڭ بىلسەڭ،
كوكسۇمگە پىچاق پاتتى.
قانداق قىلىمىز گاڭگۇك
ئەجەپمۇ بېشىم قاتتى.
مەن ساڭا ئىدىم ئامراق،
ئولتۇرەي سېنى قانداق؟
ئولتۇرمەي دېسەم نوچى،
خاننىڭ يارلىغى شۇنداق.
—"ئەي ئامبال" — دېدى گاڭگۇك
تەڭلىكتە تۇرۇپ قالما.
خاننىڭ ئالدىدا ئاسى،

گۇناكار بولتۇپ قالمە
چېرىكلەرگە ئېيت دەرھال،
ملتىنغىغا ئوق سالسۇن.
مويتۇگزىغا ئېپ چىقىپ،
ھايالسىز جېنىم ئالسۇن.
ئەزىزانە قەشقەرلىق،
مېنى بىر كورۇپ قالسۇن!......
جاللاتلار كېلىپ شۇ دەم،
بوينىغا تاقاق سالدى،
پۇتىغا سېلىپ ئىشكەل،
زىندان باغرىغا ئالدى.
ئون توت كۇن ئوتۇپ كەتتى،
تاقىتى تۇگەپ كەتتى،
مەرت يىگىت سېيىت گاڭگۇك،
سوزىنى بايان ئەتتى.
دىدى ئۇ: چىدامىم يوق،
يا بولەك تامايىم يوق،
ئولتۇرسەڭ بۇگۇن ئولتۇر،
جۇمە كۇن كېلىپ يەتتى.
.....................
جەم بولۇشتى ئامباللار،
يەڭگۇشلىشىپ تامباللا.
— داچەي ھارۋىنى قوش دەپ،
يارلىق قىلدى دەرھالدا.
توت ئاتلىق يوغان ھارۋا
تەييار بولدى، تەخ بولدى.

سېيىت نوچىنى ئاتماققا،
ئېلىپ ماڭار ۋاق بولدى.
ئات ھارۋىنى قاڭقاندا،
توققۇز پاي پو ئاتقاندا،
توت دەرۋازىغا يۈزدىن
توت يۈز چېرىك پاتقاندا.
يورغىلىشىپ ھەر يانغا
تېپىرلىشىپ ياتقاندا،
تەشۋىش تولغان باشلىرى،
قارا تاشتەك قاتقاندا.
سېيىت نوچىنى چىڭ باغلاپ،
ئوردا ئالدىغا ئەپ كەلدى.
ئۇ ھارۋىدا تىك توختاپ،
شۇنداق سوزنى دەپ كەلدى:
"خوش ئامان بول قەشقەرلىق
جان جىگەرلەر - تۇققانلار.
بۈگۈن جۈمە قولاق سال
سوز قەدرىنى ئۇققانلار.
جامائەت جەم بولۇپسىز،
مېنىڭدىن بولۇڭ رازى.
مەھشەردە كورۈشكەيمىز
بولغاندا خۇدا قازى.
گۇناسىز ئولەر بولدۇم
نادانلىق بالاسىدىن.
كىملەر قۇتۇلۇپ قالغان
زالىمنىڭ جازاسىدىن!

ھەي قەشقەرلىق، قەشقەرلىق
مېنى ئۇنتۇپ قالماڭلار.
مەندەك بولماي دىسەڭلار
ھەرگىز نادان بولماڭلار.
نادانلىق ئېلىپ كەتتى
يىگىتلىكتە باشىمنى.
مىڭدەك ئېلىپ كەتكەن
ھاشىمدەك ئاداشىمنى.
خەتنى بىلمىگەن ئادەم
بېشىدا كېزەر ماتەم.
خەت بىلمەس نادانلارغا
قاراڭغۇ ئىكەن ئالەم.
ئوقۇڭلار ئوزەڭلارمۇ
تەلىم ئالسۇن ياش باللا،
قەلبىڭلاردا قىپ قالسۇن
قىساسىڭلار - ئەنتىڭلار!
.........................
مەمەتخان ئىنىم قالدى
جان ئانام ئۇنى باقسۇن.
مەيلى ئاتسا زالىملار
قەشقەرگە قېنىم ئاقسۇن.
قەۋرەمنى كورۇپ خەلقىم
ئىبرەت ئالغۇسى مەندىن.
قان قەرزىم، قىساسىمغا،
ئۇمىت كۇتىمەن سەندىن.
دازى بولغىن قەشقەرلىق

لەل - يۇرتداشلار خوش ئەمدى.
بىللە ئويناپ تەڭ ئۆسكەن
يارۇ - دوستلار خوش ئەمدى!"
........................

خالايىق نىدا ئەيلەپ،
ياشنى تولدۇرۇپ كوزگە،
مۇڭزارى ناۋا ئەيلەپ،
چۈشتى نالىلىك سوزگە:
كاج پەلەكنىڭ قىسمىتى،
بۇ كۈننى ساپتۇ سىزگە.
كۈن ئالماق بۇ قەشقەردە
بولمامدۇ راۋا بىزگە؟!.....
بىرنى ئوق بىلەن ئاتسا،
ئوننى جادىغا باسسا،
يۈزنى دارىغا ئاسسا،
مىڭلاپ گۈندىدا ياتسا،
ئادەم بېشىنى توغراپ،
تاغنىڭ تېشىغا قاتسا،
دەرتمەن بىر گۈناكارغا
مىڭنى ئېلىپ چاتسا.
بۇ ئالەم زىمىستانلىق
بولدى بىر گورىستانلىق.
گورىستاندا ئوتەرمۇ،
بەختى قارا قەشقەرلىق.....
........................
سېيىت ئاخۇن - سېيىت گاڭگۇڭ

يۇرتتىن رازىلىق ئالدى.
ھارۋىمۇ قومۇش بازىرى①
يېنىغا بېرىپ قالدى.
"ئات!" — دېدى سېپىت گاڭگۇك
ھارۋىدىن تۇۋەن سەكرەپ:
ئات جاللات! ئۇدۇللاپ ئات!!
يۇرەككە ئۇدۇل چەللەپ.
چىقىر كوزلۇك بىر جاللات،
مىلتىقنى راست بەللەپ،
سېپىت گاڭگۇڭنىڭ ئالدىدا
تۇردى كوزىگە تەڭلەپ.
ئارقا ياقتىن جىلىك جاللات
دەرھال تەپكىنى باستى.
پىستان چىقىپ مىلتىغى
ئوزى يىقىلىپ ياتتى.
ئىككىنچى رەت ئاتقان ئوق
كېلىپ تەگدى تاغاققا،
سېپىت ئاخۇن دېدى شۇ دەم،
مىلتىق ئاتقان جاللاتقا:
"مېنى ئاتساڭ ئۇستاڭ ئات
نا ئۇستاڭ يىقىن كەلمە.
سول كوكسۇمنى چەللەپ ئات
جا ئۇستاڭ يىقىن كەلمە.....
مە، ھەققىڭگە ئاق تەڭگە"
دېدى سوزىنى باشلاپ.

① قومۇش بازىرى — جاي ئىسمى.

بىر سەرلىك كۈمۈش پۇلنى
جاللات ئالدىغا تاشلاپ.
جاللات ئالدى ياچەننى
چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ.
تەلەپكە مۇۋاپىق ئۇ،
ئۆچ ماڭدام كېيىن قايتىپ.
..............................
سېيىت ئاخۇن - سېيىت گاڭگۇك
تىك تۇرار ئىدى سوزلەپ.
ماداخو دىگەن جاللات
ئاتتى جايىنى كوزلەپ.
يەتتە پاي ئوق تەككەندە
ئىگىز چىنار يىقىلدى
ھەيۋەت بىلەن گۈلدۈرلەپ
كوكتە چاقماق چېقىلدى......
قەشقەر ئاسمىنى بويلاپ
ئۈچمىغان بۇگۈن كەپتە.
سىم - سىم توكۇلەر يامغۇر
بۇلۇتلار كېزەر كوكتە.
قاغىلار قاقىلدايدۇ
سېپىلدىكى پوتەيدە.
بىزگە شەپقەت بارمىكىن،
شەگگەن بىلەن دوتەيدە؟!
دوتەي بىلەن شەگگەنىنىڭ
ئىچكەنلىرى قان بولدى.
قەشقەرلىقنىڭ كوز يېشى،


兵

سەل بىلەن قىيان بولدى.
شەڭگەن بىلەن دوتەيىنىڭ
كىملىگى ئايان بولدى.
دەرت تولغان يۈرەكلەردىن
بۇ سوزلەر بايان بولدى.
سېيىت ئاخۇن - سېيىت گاڭگۇڭ
جىندىن جۇدا بولدى.
ئەزىزانە قەشقەرنىڭ
شۇڭقارى ئادا بولدى.
.........................
سېيىت ئاخۇن ئۇلۇپ كەتتى.
تۇپراققا كىرىپ كەتتى.
بۇ ئەلەم - مۇسىبەتتىن
يۈرەككە خۇن تولۇپ كەتتى.
چالدى چاكچاك قەشقەر
مۇڭ تولغان راۋابىنى،
ئايەم كۇنلىرى كەلسە
تەرك ئەتمەي تاۋابىنى،
مۇڭلۇق قەۋرىگە سۇركەپ
باغرىنىڭ كاۋابىنى.
ئوغلىغا دۇئا ئەيلەپ
يوللىغاي ساۋابىنى
ئۇلمىسەك ئىچەرمىز دەپ،
تاڭ ۋەسلى شارابىنى.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ھاۋۇت ئاخۇن

# قەمەرشاھ ۋە شەمسى جانان

دىۋىلەر شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، ئىسپىھان شەھرىدە شاھ ھۆسەن ئىسىملىك نامدار بىر پادىشا بار ئىدى، ئۇنىڭغا بىھىساپ ئالتۇن-كۈمۈش، غەزنە-دەپىنىلەر يار ئىدى، ئەمما شۇنچە سەلتەنەتلىك بۇ پادىشانىڭ بىرمۇ پەرزەنتى بولمىغاچقا كۆڭلى سەكپارە ئىدى. پادىشا خۇدايىتائالادىن بىر پەرزەنت تەلەپ قىلىپ 40 كېچە-كۈندۈز ئىبادەت بىلەن يىغلىغان ئىدى، ئاللا-تائالا ئۇز بەندىسىنىڭ بۇ تەلىۋىنى قوبۇل كورۇپ، بىر ئوغۇل پەرزەنت پادىشانىڭ پۇشتى كەمەردىن زەئىپىنىڭ قوسىغىغا بەند بولدى. توققۇز ئاي، توققۇز كۈن، توققۇز سائەتتىن كېيىن بىر ئوغۇل تۇغۇلدى. پادىشا بۇ ئوغۇلنىڭ ھوسنى-جامالىغا قاراپ ئاسماندىكى ئايغا مەنزۇل قىلىپ "قەمەرشاھ" دەپ ئات قويدى.

ئەمدى بىر كەلىمە سوزنى كۈيىقاپ دىۋە-پىرىلەرنىڭ پادىشاسى شاپەرقۇتتىن ئاڭلايلى، پادىشاھى شاپەرقۇتنىڭمۇ بۇ دۇنيادا ھىچ-بىر پەرزەندى يوق ئىدى. ئۇ پادىشامۇ ئاللادىن بىر پەرزەنت تەلەپ قىلاتتى، كۈنلەرنىڭ بىرىدە شاپەرقۇتنىڭ تەلەپ-دۇئاسى ئىجابەت بولۇپ، خوتۇنى ھامىلدار بولدى. ئاي-كۈن قارارى توشۇپ بىر قىز تۇغدى، پادىشانىڭ دىلى شاتلىققا تولدى. بۇ قىزنىڭ رەڭگى-رۇخسارىغا قاراپ، ئاسماندىكى كۈنگە مەنزۇل قىلىپ "شەمسى جانان" دەپ ئات قويدى.

ئەلقىسسە، قەمەر شاھنىڭ ئاتىسى شاھ ھۆسەن يالغۇز

ئوغلىنىڭ پاراغىتى ئۇچۇن ۋەزىرلىرىگە ئەمىر قىلىپ ھەشەمەتلىك بىر چارباغ بىنا قىلدۇردى. قەمەر شاھ چارباغنى كۆرمەك بولۇپ باقتا كىرىپ تەختى-راۋاق ئۈستىدە ئولتۇردى، بىر ئازدىن كېيىن كۆزى ئۇيقۇغا ئەسىر بولدى. ئۇ شۇنداق بىر چۈش كۆردى، چۈشىدە قىسمەت بىر ئىش كۆردى؛ بىرنەچچە ھور-پەرى قىزلار قەمەر شاھنى ئوراپ ئالغۇدەك، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كۈندىنمۇ نۇرلۇق ساھىپجامال بىر قىز قەمەر شاھنىڭ مۇبارەك قولىنى تۇتۇپ مۇھەببەت نەشتىرىنى يۈرىگىگە سانچىپ تۇرغىدەك، شۇنىڭ بىلەن بىر ئىشق چاقمىقى چۈشۈپ قەمەر شاھنىڭ جىسمىنى يارغۇدەك، ئۇلار ئۇزئارا تويماي بېقىشىپ بىر بىرلىرىگە كۆڭلىنى بىلدۈرمەك بولۇپ بىر سوز ئېيتىشقانلىرى:

قەمەر شاھ:

رۇخسارىڭنى كورۇپ ئاغدى خىيالىم،
ئەي دىلرابا، قايدا بولۇر ماكانىڭ؟
پەرىمۇ سەن، بەھشەرمۇ سەن نىگارىم،
ئېيتقىن جانان قايدا سېنىڭ ماكانىڭ؟

شەمسى جانان:

مېنى سورساڭ شاپەرۇتنىڭ قىزىمەن
شەمسى بوستان ئىرۇر مېنىڭ ماكانىم.
ھالىمنى سورساڭ پەرىزاتنىڭ شاھىمەن،
يېقىن يەردە يوقتۇر مېنىڭ ماكانىم.

قەمەر شاھ:

سېنى كورسە ئاقىل يولدىن ئادىشار،
جۇملە ئالەم بەلكى سېنى تالىشار.

مەنزىلىڭگە نەچچە كۈندە يول توشار،
قايدا بولۇر جانان سىنىڭ ماكانىڭ؟

شەمسى جانان:

ئاشىق بولساڭ كويۇپ-يېنىپ ئۇچەرسەن،
سەۋرى قىلساڭ سەئىي شەرۋەت ئىچۈرسەن.
ئۈچ يۈز ئاتمىش مەنزىل يىلىم كېچەرسەن،
بىلەر بولساڭ شۇنچە جايدۇر ماكانىم.

قەمەر شاھ:

قەمەر شاھدۇر شاھ ھۆسەننىڭ ئوغلىمەن،
تائەبەتكە مۇشتاقىڭدا! ئۆتەرمەن.
ۋەسلىڭ ئۈچۈن جانىنى پىدا ئېتەرمەن،
نەزىرىڭدە تۇرسۇن ئۇشبۇ ئەقىدەم.

شەمسى جانان:

شەمسى جانان پەرىلەرنىڭ بىرىمەن،
بىلىپ ئالغىل كۈيىقاپنىڭ پىرىمەن.
مەنمۇ سىنى كوپتىن ئىزلەپ يۈرىمەن،
شەمسى بوستاندىدۇر سىنىڭ جانانىڭ.

ئەلقىسسە، قەمەرشاھ چوچۇپ ئويغىنىپ قاردى. چۈشىدە خۇش سوھبەت بولغان جانانى ھېچيەردە كورۈنمىدى. قەمەر شاھ شۇ كۈندىن باشلاپ ئىشق ۋەسۋەسىدە كېچە-كۈندۈز نادامەت چېكىپ زار ئەيلەپ كوزلىرى تالدى، يىمەك-ئىچمەكتىن قالدى. ئاھۇ-نالىسى جاھانىنى بىر ئالدى. قەمەر شاھنىڭ بۇ ھالىدىن

خەۋەر تاپقان ئاتىسى شاھ ھۇسەن جىمىكى ۋەزىر-ئۆلىمالىرىنى يىغىپ ئېيتتىكى: "ئوغلۇم قەمەر شاھ نىمە دەرت-ئەلەمگە مۇپ-تىلا بولدى؟ تېزدىن بىلىپ كېلىڭلار" — دىدى. ۋەزىر-ئۆلىمالار قەمەر شاھنىڭ دەردىنى بىلمەك بولۇپ ئەھۋال سورىغاندا، قەمەر شاھنىڭ ئېيتقانلىرى:

ئەرزۇ-ھالىم ئېشىتىڭ دانا ئەمىرلەر،
بىر پەرى ھالىمنى خاراپ ئەيلىدى.
ئىشق ئىزھارىغا مۇشتاق ئومۇرلەر،
لۇتپى مەنزۇر، باغرىمنى سىماپ ئەيلىدى.
قاتارىدا باردۇر كېنىزەكلىرى،
مەشۇق دەر ئۆزىنى، شۇ ئىكەن سىرى.
يىراقتۇر نىگادا تۇرغان مەنزىلى
ۋەدىسىگە قەسەمدىن جاۋاپ ئەيلىدى.
سىلكىنىپ ئويغاندىم بولدۇم گۇمانە،
بېشىمغا چۈشتىلەر ئىشقى پەرۋانە.
دەردىمگە ئۇشبۇ ئىش بولدى باھانە،
ئىشق ئوتى دىلىمنى كاۋاپ ئەيلىدى.

ئەلقىسسە، ئەمىرلەر قەمەر شاھدىن بۇ سوزلەرنى ئاڭلاپ پادىشاغا بىر بىرلەپ بايان قىلدى، قەمەر شاھنىڭ دەردىنى ئاتىسىغا ئايان قىلدى. پادشا غەمكىن بولۇپ مەھرەملىرى بىلەن كېڭەش تۈزدى. قانچە چارە قىلسىمۇ قەمەر شاھقا دال بولمىدى. ئاخىرى ئوغلىنىڭ تەلىۋىنى ماقۇل كورۇپ، قەمەر شاھقا شۇ مەھبۇپىنى ئىزلەپ تېپىش ئۈچۈن رۇخسەت بېرىپ بىر سوز ئېيتقىنى:

كارامەتلىك قادىر خۇدا، بالامنى ساڭا تاپشۇردۇم،
شاپائەتلىك رەسۇلىللا، بالامنى ساڭا تاپشۇردۇم.
شەمشى باقا، ماھى تابا① بالامنى ساڭا تاپشۇردۇم،
قۇدرەتلىك سەن خۇداۋەندە، بالامنى ساڭا تاپشۇردۇم.

قەمەر شاھقا بەردىم رۇخسەت، پىراقىدۇر جانغا كۈلپەت،
خاھىشىڭدۇر قىلساڭ ئۇلپەت، بالامنى ساڭا تاپشۇردۇم.
شاھى ھۆسەن نادامەتتە، قالدى باشىم مالامەتتە،
تەڭرىم ئۆزەڭ ئادالەتتە، بالامنى ساڭا تاپشۇردۇم.

ئەلقىسسە، قەمەر شاھ ئاتىسىدىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ خۇشال بولدى. ئانىسى قېشىغا كىرىپ ئېيتتىكى: "ئى ئانا، دادام رۇخسەت قىلدى، سەنمۇ ئىجارەت بەرسەڭ" — دەپ ئانىسىغا بىر سۆز ئېيتتى:

قىبلەگاھىم جانىم ئانا، دۇئايىڭغا دۇتار② بولدۇم،
ۋىسال ئىزلەپ يات يەرلەردىن ئۆزگە ۋەتەن تۇتار بولدۇم.
ساۋدايىمەن يول ئاداشتىم، مېنى توغرا يولغا سالغىن،
داۋاسى يوق دەرتكە قالدىم، شىپاسى بار چولگە سالغىن.
مۇرادىمغا يېتەرمەنمۇ، يارنى كۆرمەي ئۆلەرمەنمۇ،
يارنى كۆرمەي ئۆلۈپ كەتسەم، بەھىش يۈزى كۆرەرمەنمۇ؟
قەمەر شاھ دەر غەمكىن باشىم، زەھەر-زوققۇم بولدى ئاشىم،
يار ئىشقىدا ئاقار ياشىم، ئانا جانىم دۇئا قىلغىل.

① شەمشى باقا، ماھى تابا — ئۆلمەس كۈن، تولۇن ئاي
② دۇتار — ئىگىلگۈچى — بۇ يەردە "مۇھتاج" مەنىسىدە.

ئەلقىسسە، قەمەر شاھدىن بۇ سوزنى ئاڭلاپ ئانىسى ئا-
زار بىغلاپ ئېيتتىكى:

"ئى بالام، خەتەر يولغا ئاتلىنىپسەن، قايتقىن يولۇڭدىن"— دىدى. قەمەر شاھ ئېيتتىكى: "ئىرادەمدىن يانمايمەن، ۋەدەمدىن قايتمايمەن، مەندىن رازى بولۇڭ" — دىدى. نا ئىلاج ئانىسىنىڭ بىر سوز ئېيتقىنى:

بارغىن بالام يولدا قالما، ئۇچمەس ئوتتا كويۈپ يانما،
مەدەت قىلسۇن پەرۋەردىگا، سىنى ئاللاغا تاپشۇردۇم.
يولۇڭ..مەنزىل باش ئالغۇنچە، ئۇچ يۇز ئاتمىش ياش ئالغۇنچە
دىلدارىڭغا قاۋۇشقۇنچە، سىنى ئاللاغا تاپشۇردۇم.

پەرىلەرنىڭ چىن ۋاپاسى، يالغىنى يوق، جان جاپاسى،
سوزلىرىنىڭ بار باقاسى، سىنى ئاللاغا تاپشۇردۇم.
خۇدا ساڭا بولسۇن دەركار، نەسپ ئەتسۇن ۋەسلى دىدار،
ئاناڭغا يوق ئۇيقۇ، بىدار، بارغىل ئاللاغا تاپشۇردۇم.

ئەلقىسسە، قەمەر شاھ ئانىسىدىن ئىجازەت ئېلىپ، شەمسى جانانىنىڭ ۋىسالىغا يېتىش نىيىتىدە ئەتىسى چاشكا ۋاقتى بىلەن شەھرى ئىسپىھانىنىڭ دەرۋازىسىدىن چىقىپ قارىغۇدەك بولسا، ئىسپىھان خەلقى چوڭ-كىچىك، قېرى-ياش، ئەر-ئايال ھەممىسى سانجاق-سانجاق بولۇپ يولنىڭ ئىككى قاسنىغدا سەپ تارتىپ تۇراتتى. شۇندا قەمەر شاھنىڭ قەۋمى-قېرىنداش، ئەھلى-جاما-ئەت بىلەن خوشلىشىپ بىر سوز ئېيتقىنى:

كېتەر بولدۇم يارۇ جانانىنى ئىزلەپ،
مېھرىۋانىم ئاتا - ئانام خوش ئەمدى.
ئۈچ يۈز ئاتمىش يىل مەنزىلنى كوزلەپ،
كېتەر بولدۇم، جامائىتىم خوش ئەمدى.

كوتا ئومرۇم يۈز يىل ۋاپا قىلارمۇ؟
يول ئازاۋى جانغا جاپا قىلارمۇ؟
ئارمىنىمغا تەلەي تېگى ئاتارمۇ؟
گۈل جامالىم سىگلىم ساڭا خوش ئەمدى.

مەن كېتەرمەن "تەۋەككۈل"گە بەل باغلاپ،
يارى يار دەپ سىنەلىرىمنى داغلاپ.
ھىجران ئوقى يۈرەك باغرىمنى تىغلاپ،
كېتەر بولدۇم ئانا يۇرتۇم خوش ئەمدى.

ئەلقىسسە، قەمەر شاھ يۇرتداشلىرى بىلەن خوشلىشىپ يولغا راۋان بولدى. قىرىق كېچە-كۈندۈز يول يۈرسىمۇ ھېچ بىر مەنزىل كورۈنمىدى. چول-جەزىرە ئىچىدە گاڭگىراپ يۈرۈپ بىر سوز ئېيتقىنى:

قادىر ئاللا سالدىڭ ۋىسال دەردىگە،
مەن نەيلىيىن ياردىن نىشان بولمىسا.
يار-يار دەپ كەزدىم ھىجران دەشتىدە،
مەن نەيلىيىن ياتار ماكان بولمىسا.

شەمسى جانان ئەي نىگارا، قايدىسەن،

ۋىسالىڭغا ئەمدى قاچان يېتەرمەن.
قاي تامانغا باشىم ئېلىپ يۈرەرمەن،
مەن نەيلىيىن ياردىن ئەيغان بولمىسا.

مەن بارارمەن، دىلدا ئۈمىت كۆتۈلگەن.
پايانى يوق يولۇ-مەنزىل ئۆتۈلگەن.
پىشانەمگە نىمە قىسمەت پۈتۈلگەن،
مەن نەيلىيىن ياردىن ئېھسان بولمىسا.

ئەلقىسسە، قەمەر شاھ شۇ يۈرگىنىچە ئۈچ يىل توختىماي ماڭدى. ئاخىرى پۈتلىرى يېغىر بولۇپ، بەللىرى تالدى. ھىچ-قانداق ئادەمزات ئۇچرىمىدى. ئىشقى-پىراقى ئېشىپ ئۇنىڭ بىر غەزەل ئېيتقىنى:

بارچە دەرلەر: ئىشق يولى ۋاپاسىنى،
لوقمان دەرمىش، دەردى ھىجران داۋاسىنى.
نالە ئەيلەپ، دەشتى گەريان ئاختۇراي،
ئەجەپ ئېرمەس، ئۇچراپ قالسا باڭاسىنى.
گەر يولۇقسا بىرەر پەرى يولۇمدا،
ئۇمرۇم قالماس تەركى دىدار ساناسىز،
يۈرەك پارە، ئاتەشى① ھىجران بىلەن.
لەيلى-مەجنۇن ۋەسلى بارمۇ گاداسىز.
مەن پەرىشان تاغۇ-دەشتلەر كېزەرمەن،
قايدا دىدار، جانانغا جان پىداسىز.
تەۋەككۈلدىن بەخت-تەلەي تاپمىسام،

① ئاتەش — ئوت.

خىزىر ئۇنى بەلكىم بەرمەس خۇداسىز،
شەمسى جانان رۇخسارىغا يەتمىسەم،
مەھشەر① كۈنى قەمەر شاھنى سوراسىز.

ئەلقىسسە، قەمەر شاھ قايسى تەرەپكە مېڭىشىنى بىلەلمەي ئاللادىن پانا تىلەپ بېشىنى سەجدىگە قويىدى، شۇ هامان بىر شەپە بولدى، بېشىنى كوتىرىپ قارىغۇدەك بولسا، يەر بىلەن ئاسمان ئارىسىدا بىر ئاق نۇرانە كىشى كېلىۋاتقىدەك. قەمەر شاھ ئۇ غايىپ كىشىگە ئىززەت-ئىكرام بىلەن سالام قىلدى. ئۇ كىشى ئېيتتىكى: "ئى ئوغلۇم، يولۇڭدىن قالما، ئاللا تىلىگىنىنى قوبۇل كورۇپ، ساڭا هەردەم مەدەتكار بولغاي، يەنە ئۈچ يىل يۈرسەڭ بىر بوۋاي يولۇققاي. ئۇ يولۇڭنى كورسەتكەي، مىرادىڭغا يەتكەيسەن" دېگەن دۇئايى نىدا كەلدى.

قەمەر شاھقا قايتىدىن جان كىردى. يەنە 99 كۈن يۈرگەندىن كېيىن پايانسىز دەشتكە يەتتى، قۇملۇق ئىچىدە 7 كېچە-كۈندۈز يۈرگەندىن كېيىن تەشنالىقتىن يىقىلدى، قەمەر شاھ كوزىنى ياشلىدى، "ئەمدى ئولەر بولدۇم" دەپ نەزمە باشلىدى:

نىچۇك جانىنى قۇتقۇزاي بۇ چولىستان ئىچىدە،
نىتەي شۇنچە ئازغاشتىم، قالدىم ئارمان ئىچىدە،
هەسرەت تولغان بۇ بېشىم قايغۇ-پىغان ئىچىدە،
بويۇم ئوتتا ئورتىنۇر، يۈرىگىم قان ئىچىدە.

ئىشق ئوتىدا كويگەننىڭ بولۇرمىكىن داۋاسى،
دەرلەر: ئاشىق دىگەننىڭ مەھشەردىمىش غىزاسى.

① مەھشەر — قىيامەت كۈنى.

ئاشىقلارغا ئالەمنىڭ شۇنچىمكەن جازاسى،
پەرھات كەبى زارىمەن بۇ چۆلىستان ئىچىدە.

ئاشتىم جاپا تېغىدىن سەرسانمەن يولۇڭدا،
رازى ئىدىم جان بەرسەم، جانان سېنىڭ قولۇڭدا.
پەرۋانىدەك نە بولغاي چۆرگىلىسەم ئوڭ ـ سولۇڭدا،
شەمسى جانان بىلۇرمۇ قالدىم گۈلخان ئىچىدە.

ھىجران دەشتىدە يىغلاپ ئاقتى كۆزۈم قاراقى
كەتمەس دەرتلىك بېشىمدىن شەمسى جانان پىراقى.
ئارامى جان بولارمۇ ئاشىققا يول يىراقى،
قەمەر شاھدۇر نادامەت، نالە ئەپغان ئىچىدە.

ئەلقىسسە، قاتتىق بوران كۆتۈرۈلۈپ، قەمەر شاھ كۆزىنى ئاچالماي قالدى. ئەيۇھانناس! قەمەر شاھنىڭ جىسمى بارغانسېرى قۇم تېگىدە قېلىشقا باشلىدى، شۇندا نادامەت نالىسى بىرلە "شەمسى جانان قايدىسەن" دەپ بىر سۆز ئېيتقىنى:

مەن بالاغا مۇپتىلامەن، شەمسى جانان قايدىسەن؟
ۋەسلى دىدار يول ئاچار جانىمغا دەرمان قايدىسەن؟
بۇ جۇدالىق دەشتىدە بىچارە بولدۇم خەستىدەك،
كۆزلىرىمنىڭ گوھىرى، نۇرى غىلمان قايدىسەن؟
ئۆرتىنەر قەلبىم زىلەيخادەك پىراقىڭ ئىشقىدا،
تەركى دىدار ئۆتسە جانىم، قالدى ئارمان قايدىسەن؟

ئاھ ئەجەپ..... يەتمەي ۋىسالغا بولدىما قوملارغا يەم،
بولدى ئالەم بىر دوزاق، ئەي ماھى تابان قايدىسەن؟
سەندىن ئۆزگە يار تۇتار بولسام، يۈزۈم بولغاي قارا،
ئاي يۈزۈڭ مىسلى بەدەخشان① لەئلى ـ مارجان قايدىسەن؟
نەيلىسىن ئۇشبۇ كوڭۇل غەم تىغىدىن سەككارىدۇر
چۈن قەمەر شاھ يارى بولغاي ئاپىتى جان قايدىسەن؟

ئەلقىسسە، قەمەر شاھ شۇندىن سۈڭ: "مېنىڭ بېشىمغا كەلگەن بۇ كۈلپەتتىن شەمسى جانانىڭ خەۋىرى بارمىدۇر" — دەپ ئۆز ھالىنى ئىزھارلاپ بىر مۇناجات ئوقۇغىنى:

غەملەر تىغى چۈشۈپتۇر بۇ بېشىمغا جانانىم،
نەچچە يىللاپ زارلىسام يەتمەس ساڭا ئەپغانىم.
كويۇپ ھىجران ئوتىدا، ئۇچۇر ئۇقماي كۈل بولدۇم،
قايدىن تاپاي ئاختۇرۇپ، سىنى شاھى خۇبانىم②.
پەلەك جۇدا ئەيلەپتۇ جەۋرى بىرلە سىنىڭدىن،
تۇمەن مىڭ دەرت ـ بالاغا، سەن ئىدىڭ نەزەرگاھىم.
دىدار ئىزلەپ كۈنۈ ـ تۈن يېتەلمىدىم مەقسەتكە،
شەمسى جانان ئامانەت، بىر ئۆزۈڭگە ئىلاھىم.
بەختى قارا قەمەر شاھ، سىغىنار پەرۋەردىگاھ،
كەچۈرگەيسەن ئالدىڭدا قانچە بولسا، گۇناھىم.

① بەدەخشان — تۈرلۈك رەڭدىكى ئىنجۇ ـ مارجان. لەئلە ـ ياقۇت چىقىدىغان جاي.

② شاھى خۇبانىم — گۈزەللەرنىڭ شاھى.

ئەلقىسسە، قەمەر شاھ نالە-ئەپغان ئىچىدە كوزى ئۇيقۇغا كەتتى. بىر مازادىن كېيىن ئويغىنىپ قارىغۇدەك بولسا، يېشىدا بىر كومزەك سۇ بىلەن توققۇز نان تۇرغىدەك، قەمەر شاھ نان بىلەن سۇنى تويغىچە يەپ-ئىچىپ قايتىدىن مادارىغا كەلدى، بىر شولغىنىپ قىزىم ئىچىدىن چىقتى، يەنە يولغا راۋان بولدى. شۇ يۇرگىنىچە 14 كېچە-كۈندۈز يول مېڭىپ، ئاقىۋەتتە تاشلىرى تونۇر تەپتىدەك قىزىغان غىلتاڭ سايغا كېلىپ قالدى. ئاچ-زارلىق، تەشنا-تەقەززالىق ناپتىدىن سىدىرلىغىدەك ھالى قالمىدى، ھايات كويىدا سەۋەپ ئىزلەپ يەرنى كولاپ سۇ تاپماق بولدى. يەرنى بىر ئاز كولىۋىدى، بىر ئادەمنىڭ جەسىدى چىقتى. قەمەر شاھ بۇنى كورۇپ ھەيران قالدى. "بۇمۇ مەندەك بىر دەرتمەن ئوخشايدۇ" دەپ بېلىدىن بەلۋېغىنى يېشىپ ئېڭىكىنى تاڭدى. يۈز-كوزىنى ئوچۇق قويۇپ، بەدىنىنى كومدى. شۇ ئەسنادا بىر سالقىن شامال قەمەر شاھنىڭ يۈزىنى سىيپاپ ئوتتى. قەمەر شاھ خوشال بولۇپ شامالغا قاراپ بىر سوز ئېيتقىنى:

سابا① يەتكۈز سالامىنى ئۇ ئاي يۈزلۈك قەلەم قاشقا،
كى مەندىن دىل ئۈزۈپ جانان كوڭۇلنى قىلمىسۇن باشقا.
شكەستە خاكنى ئەيلەپ زەھەرلەر سالمىسۇن ئاشقا،
مېنىڭ ئىشقۇ-ئەقىدەم ئېيت گوھەرنى كىم ئۇرار تاشقا.

بۇ چوللەر دەشتىدە قالدىم قىيانى زارۇ-زار يىغلاپ،
كورەرمەن ئاقىۋەت بىر دەپ كەمەر ھىممەتنى چىڭ باغلاپ.
ھامان ھىجران پىراقىدا يۇرەر بولدۇم يۈرەك داغلاپ،
كورەلمەي يار جامالىنى كوزۇم تولدى شاپ ياشقا.

① سابا — تاڭ شامىلى.

بۇ ھىجران پىراقىدا ھەمىشەم بىر گاداھدۇرمەن،
كۆنگە مىلىك ئەلەم بىرلە تىغى ھىكىر ياناندۇرمەن،
كورەر بولسام جامالىنى ۋىسالىغا قانادۇرمەن.
قىچقىرسام ئۈنۈم يەتمەس يوقتۇر ھىچ ئامال باشقا.

ئەلقىسسە، قەمەر شاھ يەنە قىرىق كېچە-كۈندۈز يول يۈر-
دى. ھىچقانداق جانداردىن دېرەك بولمىدى. بىر باياۋان ئە-
چىدە تەمتىرەپ يۈرۈپ ھاۋادا قانات قىقىپ سايراپ تۇرغان بىر
تورغاينى كوردى. قەمەر شاھ ئېيتتىكى: "بۇ جانىۋارمۇ ئۆز تو-
پىدىن ئايرىلغان مەندەك بىر مۇساپىر ئوخشايدۇ، شۇ تورغايغا ئەرزى-
ھالىمنى بايان قىلسام يارىمغا يەتكۈزسە ئەجەپ ئەمەس" دەپ بىر
سوز ئېيتقىنى:

ھاۋادىكى بوز تورغاي،
سايرىمساڭ نىم بولغاي
بۇ چوللەردە جىنىمنى،
قىينىمساڭ نىم بولغاي.

سوزلىگىلى تىلىڭ يوق،
قەمەر شاھقا دىلىڭ يوق.
ئۇچۇپ بېرىپ يارىمغا،
خەۋەر بەرسەڭ نىم بولغاي.

باشىم ئۆزرە تۇرارسەن،
شۇنچە جەۋلان قىلارسەن.
خوش خوي رەۋان سورەرسەن،

خەۋەر بەرسەڭ نىم بولغاي.

مېنى سورىساڭ بىمارمەن،
بۇ دەشت ئىچرە بارارمەن.
غەم لېيىغا پاتارمەن،
خەۋەر بەرسەڭ نىم بولغاي.

ئەجەپ بولدى زامانە،
جان بولارمۇ بىگانە.
يار ئۈچۈن مەن پەرۋانە،
خەۋەر بەرسەڭ نىم بولغاي.

يۈرەي دىسەم دەرمان يوق،
تۇراي دىسەم پەرمان يوق.
ياكى شەمسى جانان يوق
خەۋەر بەرسەڭ نىم بولغاي.

قەمەر شاھنىڭ سالامى،
يوقتۇر كوكۇل ئارامى.
چىن ئىشقىنىڭ داۋامى،
خەۋەر بەرسەڭ نىم بولغاي.

ئەلقىسسە، قەمەر شاھ تورغاي ئۈچقان تامانغا ئەگىشىپ يەنە ئۈچ يىل يول يۈردى. ھېچقانداق ئادەمزات كورمىدى. ئۇ ئۆزىگە پانا تىلەپ بىر سوز ئېيتقىنى:

قۇدرەت بىلەن قابا پەلەك مېنى دەرتلىك كويغا سالدىڭ،
جاپا ئەيلەپ ئىبراھىمدەك كويۈۋاتقان ئوتقا سالدىڭ.
سەھەر تۇرۇپ ئاللا دىدىم، ئۆزگە ئىشنى ھېچ بىلمىدىم،

يارنى ئىزلەپ تاپالمىدىم، مېنى غەيرى يولغا سالدىڭ.
كەلدىم يارىمنى سوراغلاپ، يار قاچتى مەندىن يىراقلاپ،
ھىجران ئوتىدا سىنەم① داغلاپ مېنى ناگاھ چولگە سالدىڭ.
كوزگەنلىرىم يىراق بولدى، يېقىنلىرىم يىراق بولدى،
شەمسى جانان چىراق بولدى، پەرۋانەگنى ئوتقا سالدىڭ.

ئەلقىسسە، قەمەر شاھ قارىغۇدەك بولسا، بىھىشتىن نىشان بېرىدىغان بىر چارباغ ئىچىدە ئوزىنى كوردى. بىر يېشىللىق ئارىسىدىن ئاپپاق ساقال نۇرانە چىراي كىشى چىقىپ كېلىپ ئېيتتىكى: "ئى ئوغلۇم، مەن سېنى مۇرادىڭغا يەتكۈزگىلى كەلدىم، ئازدىن كېيىن چۈشۈڭدە كورگەن جانانىڭ بىلەن ئۇچراشقان ئوستەك بويىغا بارىسەن، يار ۋەسلىگە قانىسەن" دەپ كوزدىن غايىپ بولدى. قەمەر شاھ: "خىزىرغا يولۇققان ئوخشايمەن" دەپ، شۇنىڭ يولىغا قاراپ بىر سوز ئېيتقىنى:

شەمسى جانان سېنىڭ ئۈچۈن ياخشى كۈنۈم يامان بولدى،
زىلەيخادەك يۇسۇپ ئۈچۈن مەنزىلگاھىم زىندان بولدى.
مەن سارغىيىپ گۇلدەك سولۇپ چىرايلىرىم سامان بولدى،
غەم يىراقى ئىچرە ئوتكەن ئومرۇم ماڭا زىيان بولدى.
قالدىم ئەجەپ ئېغىر كۈندە، ئىشقىڭ قىلدى مېنى بەندە،
زار ئەيلىدىم ھەر بىردەمدە، تەنھالىغىم يامان بولدى.
ئايرىلىپ مەن بىرنەچچە كۈن، يۈردۈم گويا ھالىم زەبۇن②
كوز ياشىمدا تولدى جامۇن③ چەككەنلىرىم پىغان بولدى.

① سىنە — كوكرەك، يۇرەك.
② زەبۇن — ئاجىز، ۋەيران، ناچار، خامۇش.
③ جامۇن — جام (قاچا).

قەمەر شاھدۇر مىسكىن بېشىم، تىنماي ئاقۇر كوزدىن يېشىم.
چول ئىچىدە شول يولداشىم، خىزىرئىلياس ئايان بولدى.

ئەلقىسسە، قەمەرشاھ ئۇستەڭ بويىدا ئولتۇرغان ئىدى، بىر جۇۋان ئىككى قاپاقنى كوتىرىپ سۇغا چىقىپ كالدى. ئۇ جۇۋان ئۇستەڭ بويىدىكى ناتونۇش ئادەمگە شۇنداق بىر قارىۋىدى، ئۇنىڭدىن بىر ئوت چىقىپ جۇۋاننىڭ سىنەسىنى خاراپ قىلدى، جىگرىنى كاۋاپ قىلدى. جۇۋان ئېيتتىكى: "بۇ يىگىت نىمە دىگەن ئوتلۇق، ئالدى بىلەن ھال-ئەھۋال سورىشىپ سىرى ئەسرالىشىپ باقاي" دەپ قەمەر شاھقا تەلمۇرۇپ، بىر سوز ئېيتقىنى:

خۇدايائى يىگىت ئېيتقىن، خىزىرمۇ سەن يا ئەزرائىل،
قەيەرلەردىن كېلىپ قالدىڭ بۇ يەرلەرگە جاۋاپ بەرگىل.
كورۇندۇڭ كوزگە بىگانە، ئوزۇڭ مىسكىننىكى غەمخانە،
پىيىل، قامەتتە يىگانە، قەيەرلىكسەن جاۋاپ ئەتكىل.
بۇ يەرلەرگە مۇساپىرمۇ؟ ۋەيا تەركى مۇجاپىرمۇ①
ئىگەڭدىن يا بىزار قۇلمۇ؟ قەيەرلىكسەن جاۋاپ ئەتكىل.
نىچۇك سەرسانە-سەرگەردان، نەپەس ئالساڭ چىقار ئەپغان،
ۋەيا سەنمۇ بىرەر قاچقان، سۇپاتىڭدىن جاۋاپ ئەتكىل.
مېنى بىلسەڭ شىرىن نادىر، دىلىم بولدى ساڭا مايىل،
نىلەر سورىساڭ جىنىم قادىر، قەيەرلىكسەن جاۋاپ ئەتكىل.

ئەلقىسسە، قەمەرشاھ جاۋاپ قىلدىكى: "ئاتا بىزار ئەمەسمەن، ئانا بىزار ئەمەسمەن، بۇ شەھەردە كىم ياخشى، كىملەر

① مۇجاپىر — خوشنا، ھەمسايە.

يامان بىلمەسمەن، شەمسى جانان يارىمنى تاپمىغۇنچە كۆلمەسمەن"
دەدى. جۇۋان ئېيتتىكى: "ئى يىگىت، مەن ئۆمرۈمدە سېنىڭدەك
ئۆتى ئاتەشنى كورگۈنۈم يوق، يۈرىكىمگە قادالدىڭ سەن بولۇپ
گويا بىر ئوق. مەن ئۆمۈربات ساڭا ياخشىلىق ئىزلەيمەن" دىدى.
قەمەرشاھنىڭ دىلشادلىگىدىن بىر سوز ئېيتقىنى:

كەچ كىرىپتۇر ياقا يۇرتتا مەن غېرىپ بىراي قايان،
كەلسە شۇتاپ جان نىگاردىم دىل سىرىم ئەتكۇم بايان.
سىرى ئاشىكار ئەتمىدىم، ھەركىمگە سىرداش ئۇزگىدۇر.
شەمسى جانانسىز ماڭا ئوتكەن ئۇمۇر بىر كۆزگىدۇر.

ئالما بويلۇق ئەۋرىشىم، ئېيتقىل كېيىگىنى سىرىدىشىم
ئۆز نىگارىن تاپمىغۇنچە ھىچ ئارام ئالماس بېشىم.
شەمسى جانان دەردىدە ھالىم خاراپتۇر ھەرقاچان،
كېچە - كۈندۈز تولغىنىپ ھەسرەت يۇتۇپ ئورتەندى جان.
ئالتە يىل چوللەر كېزىپ كوپلەپ قېتىم يولدىن ئېزىپ،
يارى تۇرسا، ھىچ بولارمۇ ئۆزگىگە دىلنى بېرىپ؟
كىملىكىم ئەتسەم ئايانىم، شاھ قەمەردۇر ئۆز ئېتىم
يارنى ئىزلەپ باش ئېلىپ چىققان يىگانە بىر يېتىم.

ئەلقىسسە، قەمەر شاھ بۇ سوزنى قىلغانىدىن كېيىن،
جۇۋان، زوقى زىيادە بولۇپ ئېيتتىكى: "ئەي يىگىت
ئىشقىڭغا ساداقەتلىك ئىكەنسەن، ئەقىدەڭ ئىبارى ئۈچۈن
ساڭا چۈشكەن ئىشقىمنى قۇربان قىلىشقا رازىمەن، سېنىڭ
يارىڭ تولىمۇ خەتەر جايدا ئىكەن، شەمسى جانانىنىڭ

دادىسى شاپەرقۇت ئىنىسى - جىن، دىۋە - پىرىلەرنىڭ پادىشاھى - ئۇلار ئادەمزاتقا ئوچ، كوكلۇك ئۇچۇن مەن سىنى شەمسى جانان ئولتۇرىدىغان چارباغنىڭ چاكىرى سالماس بوۋىنىڭ ئىشىگىگە يەتكۈزۈپ قويايى، ئۇنىڭ ساڭا ياردىمى بولار“ دەپ بولاقتەك كوزلىرىدىن مۇنچاقتەك ياش توكۇپ ئارقىسىغا ياندى. قەمەر شاھ بۇ مومىن جۇۋاننىڭ ساداقىتىگە تەسەللى بىرىپ بىر سوز ئېيتقىنى:

ئالمى ئىچرە خورامسىز، مۇڭ بىلەن تولغان بىشىم،
تاغۇ - دەشتتە كۇنۇ، تۇن، كۇلپەت قۇشى قونغان بىشىم.
قايدا بارسام چەرخ ئۇرادۇر شۇم پەلەكنىڭ گەردىشى.
ھەر زامان سانىسىز بالاغا مۇپتىلا بولغان بىشىم.
مەنمۇ سەندەك يىغلىغان بىردەم پاراغەت قىلمىغان،
ھىجرىدىن باغرى كاۋاپقا ئاشنا بولغان بىشىم.

شۇنداق قىلىپ جۇۋان ئۇزۇن يول يۈرۈپ قەمەرشاھقا سالماس بوۋىنىڭ تۇرىدىغان جايىنى كورسىتىپ قويىدى.

ئەلقىسسە، سالماس بوۋىنىڭ بىر قىزى بار ئىدى، ئىسمى - نى ئايخان دەر ئىدى، قىز تالاغا چىقىپ قارىغۇدەك بولسا بىر يىگىت ئىشىككە تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرغىدەك، يىگىتلىكتە ھېچ ئەيىپ نۇقسان يوق بۇ ناتونۇش كىشىگە بىر قاراپلا ئايخاننىڭ يۈرىگى شامدەك ئېرىپ كېتىپ بىر سوز ئېيتقىنى:

ئىشىك ئالدىدا بىر يىگىت ئەيمىندۇر كىرگىلى،
بىلى مەھكەم باغلاقلىق تەلمۈرىدۇ كوزلىرى.
بىزارلىق ھالىدىن بەلگە بىرەر يۈزلىرى،

قىلماي تولا ئىنتىزار، ئېيتسا ئىكەن سوزلىرى.
گۇل يىگىتنىڭ ھوسنىدىن چورگەلگۈسى يەر - جاھان،
ئالدىغا چىق ئەي ئاتا، ئاز قالدىغۇ تەندە جان.
ئەي ئاتا چىق تالاغا، ئۇيگە باشلاپ كىرگىلى،
غەمگۇزاردىن ھال ئۇقۇپ، مۇڭ - زارىنى بىلگىلى.

ھەلقىسسە، سالماس بوۋا ئىشىكتىن چىقىپ ئارسلاندەك قامەتلىك بۇ ناتونۇش يىگىتتىن "نەدىن كېلىپ قالدىڭ" دەپ سورىدى، قەمەرشاھ ئېيتتىكى: "مەنزىلگاھىمنى بىلمەسمەن، شەمسىجانان يارىم بار، تاپمىغۇنچە كۇلمەسمەن"— دىدى. سالماس بوۋا ئېيتتىكى: "ماڭا ئوغۇل بولساڭ قانداق" دىدى. قەمەر شاھ ماقۇل بولدى، ئۇيگە ئېلىپ كىردى. كۇنلەر ئوتتى، ئاي ئوتتى...... شۇنداق قىلىپ سالماس بوۋىنىڭ غېرىپ كۇلبىسىدە، شەمسى جانانىڭ پەنتىدە يۇرگىنىگە يەنە ئۇچ يىل بولدى. ئىسپىھان شەھەردىن چىققانىغا توققۇز يىل توشتى. سالماس بوۋا قەمەر شاھنىڭ ھالىنى بىلىپ كوڭلى يېرىم بولدى. ئۇنىڭ كوڭلىنى تېرىش ئۇچۇن ئېيتتىكى: "يۇر ئوغلۇم، ماڭا دورا - دەرمەك يىغىشىپ بەر"—دىدى. قەمەر شاھ: "ئەي بوۋا، ھەر كۇنلۇگى تۇرلۇك - تۇمەن، گۇل - گىيا تېرىيسىز، ئۇنى نىمە قىلىسىز؟" دەپ سورىدى. سالماس بوۋا ئېيتتىكى: "بۇ شەھەرنىڭ پادىشاسىنىڭ قىزى 9 يىلدىن بېرى ئىشقى ساۋداسىغا گىرىپتار بولۇپ ھىچقانداق دورا شىپا قىلمىدى. شۇ پەرىنىڭ كېسىلىگە شىپالىق ئۇچۇن، ھەر ياڭزا مېھرىگىيالارنى تېرىپ پادىشانىڭ ھوزۇرىغا يەتكۇزىمىز، شۇ ئەجرىمىز ھىساۋىغا كۇن ئوتكۇزىمىز"— دىدى. قەمەر شاھ بۇ سوزنى ئاڭلاپ سالماس بوۋىغا يالۋۇرۇپ ئېيتتىكى: "ئەي ئاتا

ھەنمۇ بىر دەستە مېھرىگىيا تېرىپ بېرەي، شۇ جانان ھوزۇرىغا يەتكۈزۈپ بەرسىڭىز“ — دىدى. سالماس بوۋا ماقۇل بولدى. قەمەرشاھ كوڭۇل تارلىرىدىن يىپ ئېشىپ، ئىشق بېغىدىن گۈل تېرىپ، دەستە ئىچىگە ئۆزىنىڭ بارلىق دەرت - ئەلەملىرىنى يېزىپ چىقتى.

ئەلقىسسە، سالماس بوۋا بۈگۈن يەنە بىر تۇتام مېھرىگىيانى شەمسى جانانىنىڭ ھوزۇرىغا سۇندى. 9 يىلدىن بېرى قەمەر شاھنىڭ دەردىدە سارغىيىپ يېتىپ، تارتىشىپ قالغان پەيلىرى قويۇپ بېرىۋاتقان شەمسى جانان بۈگۈنكى مېھرىگىيانى پۇرىغاندىن كېيىن پۈتۈن ئەزايىغا ئىشق تىترىگى ئولاشتى. "ئاجايىپ خۇش بۇي ئىپار ھىدى پۇرايدىغۇ!" دەپ مېھرىگىيانى كوكرىگىگە باستى. "بۇنىڭدا نىمە خاسىيەت باردۇر؟" دەپ قېتىنى ئېچىپ قارىغان ئىدى، ئارىسىدىن بىر پارچە نامە چىقتى:

ئىشق باغىدىن بارار بۇ نامە ئېرسالىم① ساڭا،
شۇ بىلەن بولغاي ئايانكىم نامۇ - ئەمالىم ساڭا.
سەن ئۈچۈن چەكتىم پىغان، سىنەلىرىم بولدى يارا،
مەلۇم ئولغاي زەپىرەندەك رەڭگى رۇخسارىم ساڭا.
مۇنچە جەبرىڭ ئەتكىچە، مەيلى ئىدى قىلساڭ ھالاك،
گەر ۋىسال ئەتسەڭ نەسىپ، بولسۇن پىدا جانىم ساڭا.

ھەق ئەزىز ئەيلەپ سىنى، چول كەزگۈزۈپ ھەردەم مىنى،
جور قىلىپتۇ بۇ شاھزادىنى، ئەي شەۋقى دىلدارىم ساڭا.

① ئېرسالنامە — يارىغا خەت ئەۋەتىش، پۈتۈكنامە.

رەھمى قىلساڭ، لاچىننىڭ بولغۇم بۇ بوستانلار ئارا،
جان تەسەددۇق تا ئۇمۇربات، شەمسى جانانىم ساڭا.

ئەلقىسسە، شەمسىجانان بۇ ئىرسالنامىنى ئوقۇپ ھوشىدىن كەتتى. ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن سالماس بوۋىنى دەرھال چاقىرتىپ كەلدى: ”ئەي دورا - دەرمەكچى بوۋا، بۇ مېھرىگىياھنى ئىبەرتكەن ئوغلىكىز ھازىر قەيەردە؟“ — دىدى. سالماس بوۋا ئەھۋالنى ئۇقتۇرغاندىن كېيىن دەرھال دادىسى شا پەرقۇتنىڭ ئالدىغا كىرىپ، چار باققا سەيلى ئېتىشكە ئىجازەت سورىدى. پادىشا خوشاللىق بىلەن قوبۇل ئەيلەپ، 40 كېنىزەكنىڭ ھەمراھلىقىدا شەمسىجانانىنى چارباققا ئۇزاتتى. ئەھۋالدىن خەۋەردار قەمەر شاھ شۇ ھالەتتە يارىنىڭ ئالدىغا چىقىشتىن ئۇيۇلۇپ، گۇللەر ئارىسىغا كىرىپ جۇل - جۇل كىيىملىك بەدىنىنى پىنھان تۇتتى. شەمسى جانان چۈشىدە كورگەن يارىنى تەقەززالىق بىلەن ئىزلەپ ھېچيەردىن تاپالماي مەيۇسلەندى. ئازدىن كېيىن ئالدىدىكى گۇللۇكتىن ئاجايىپ خۇش پۇراق ئۇرغۇپ شەمسىجانانىنى مەپتۇن قىلدى. ”نىمە ھىكمەت بۇ!“ دەپ گۇللەرنىڭ شېخىنى شۇنداق قايرىغان ئىدى، ئۇ يەردە 9 يىلدىن بېرى تەقەززا قىلغان يارىنىڭ نەق ئوزىنى كوردى ۋە شۇ ھامان بىھوش بولۇپ گۇللەر ئارىسىغا يىقىلدى. قەمەرشاھ چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ شەمسى جانانىنىڭ بېشىدا پەرۋانىدەك ئايلاندى، شۇندا چىن دىلدىن يارىغا نىجاتلىق تىلەپ بىر مۇناجات ئوقۇغىنى:

كارامەتلىك ئەي قادىر خۇدايا،
رەھىم ئەيلىگەيسەن شەمسى جانانغا.

زار قىلما مېنى پەرۋەيدىگارا،
رەھىم ئەيلىگەيسەن شەمسى جانانغا.

ئۆزىدە يوقتۇر ئەس بىلەن ھۇشى،
تەندىن ئۆزگە يوق مەدەتكار كىشى.
نە قىلاي يارنىڭ ئېغىردۇر ئىشى،
رەھىم ئەيلىگەيسەن شەمسى جانانغا.

خاراپتۇر ھالى، يوقتۇر دەرمانى،
ياكى تولغانمۇ ئەجەل - پەيمانى.
ماڭا بەر ئۇنىڭغا كەلگەن قازانى،
رەھىم ئەيلىگەيسەن شەمسى جانانغا.

قەمەرشاھ تىلەر يارغا ئېسەنلىك،
كەچۈر مېنىڭدە بولسا سەۋەنلىك.
يار ئۈچۈن تىنىم بولسۇن كېپەنلىك،
رەھىم ئەيلىگەيسەن شەمسى جانانغا.

ئەلقىسسە، قەمەرشاھنىڭ كوز يېشى شەمسىجاناننىڭ يۈزىگە يامغۇردەك تامدى، شەمسى جانان چوچۇپ ھۇشىغا كەلدى. ئەيىۋ-ھەنناس! بۇ ئاشىق - مەشۇقلار شۇنچە تويماي قاراشتى، ھەشقە-پىچەكتەك بىر بىرىگە چىرماشتى، شەمسىجانان قەمەرشاھنى ئالتۇن تەخت ئۈستىگە تەكلىپ قىلىپ بىر سوز ئېيتقىنى:

ئەمدى ئارام ئالغايسەن ئەزىز مېھمانىم،
ئىشەنگىن ئەي قەمەرشاھ غېمىڭ تۈگەيدۇ.

ساڭا بولسۇن تەسەددۇق بۇ شىرىن جانىم،
ئىشەنگىن سەن قەمەر شاھ دەردىڭ تۇگەيدۇ.

پىدا قىلغان مەن يولۇڭغا ئەزىز جانىمنى،
ئىچۈڭ ئۇنتاي تارتقان ئاھۇ - زارىڭنى.
قۇربان قىلغۇم بار ساڭا يوقۇ - بارىمنى،
ئىشەنگىن سەن قەمەر شاھ دەردىڭ تۇگەيدۇ.

چىن ئاشىقسەن تۇتقىل ئۇتلۇق قولۇمدىن،
باغۇەن بولۇپ ئۈزگىل تازا گۈلۈمدىن.
نەپەس ئالغىن خۇش ئەتىرلىك بويۇمدىن،
ئىشەنگىن سەن قەمەر شاھ دەردىڭ تۇگەيدۇ.

ئەمدى بىلدىم پانى دۇنيا پەنتىنى،
ئېتىپ كورۇپ ۋەسلى دىدار قەنتىنى.
چىن ئاشىقلار چاقار قەپەس بەنتىنى،
ئىشەنگىن ئەي قەمەر شاھ دەردىڭ تۇگەيدۇ.

ئەلقىسسە، ئۇلار 40 كېچە - كۇندۇز چار باغدا بىرلىكتە سەيلى - تاماشا قىلدى. بىر كۇنى سەھەر ۋاقتىدا شەمسى جانان ئېيتتىكى: "ئەي ئاي مەسەللىك دىلدارىم، دادامنىڭ بەرگەن ۋاقتى - سۇرىكى توشۇپتۇ. مەن ئەمدى ئالدىغا بېرىپ يەنە روخسەت ئېلىپ كېلەي، بولمىسا، سىر ئاشكارىلىنىپ قالسا ھەر ئىككىمىزگە ياخشىلىق بولماس" — دىدى. بۇ سوزنى ئاڭلاپ قەمەر شاھنىڭ كوڭلى بۇزۇلۇپ بىر سوز ئېيتقىنى:

قۇربانىڭ بولاي شىرىن سوز جانان،
مەن قانداق چىداي بېرىپ كەلگۈنچە.
جېنىمنى بېرەي، ئەي نۇرى جاھان،
مەن قانداق چىداي قايتىپ كەلگۈنچە.

ھىجرانىڭ ئوقى پاتقان بېشىمغا،
رەھىم ئەيلىگەيسەن ئاققان يېشىمغا.
بارساڭ كەلگەيسەن پاتراق قېشىمغا،
قانداق قىلاي مەن قايتىپ كەلگۈنچە.

ئەلقىسسە، شەمسى جانان ئاتىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئىززەت - ئىكرام بىلەن تازىم قىلىپ، يەنە 40 كۈنلۈك رۇخسەت سورىدى. شاپەرقۇت: "بارغىن قىزىم، چار باغنىڭ ھاۋاسى ساڭا يارىشىپتۇ، كېسىلىڭ شىپا تېپىپتۇ" دەپ رازىلىق بەردى. ئىشىك ئالدىدا كوز ئۇزمەي كۈتۈپ تۇرغان قەمەر شاھ شەمسى جانانىنىڭ خۇش كەيپىنى كورۇپ چاۋاك چېلىپ سەكرەپ كەتتى، ئۇلار يەنە مۇراد - مەقسەتلىرىگە يەتتى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە شەمسى جانان ئېيتتىكى: "ئەي قەمەر شاھ! بىزنىڭ بۇ خوشال كەيپىمىز ئۇزۇنغا بارماس. بۇ قەپەز ئىچىدە خۇپىيانە يۈرۈپ كوڭلىمىز قانماس. سالماس بوۋىنى ئاتا ئورنىدا دادامغا ئەلچىلىككە ئىبەرتىپ كورسەڭ" — دېدى. قەمەر شاھ بۇ نەكلىپنى جان دەپ قوبۇل كوردى. بېرىپ سالماس بوۋىغا تەلىۋىنى ئېيتتى. سالماس بوۋا: "ئوغلۇم! بۇ بەك خەتەرلىك يول، پادىشا قانداقمۇ گادايلارنىڭ تەلىۋىنى قوبۇل كورسۇن! بۇ تەلەپ ئورنىغا شۇ ئان مېنىڭ بېشىمنى تېنىمدىن جۇدا قىلارمىكىن"، — دېدى. قەمەر شاھ: "ئەلچىگە ئولۇم يوق دېگەن

گەپ بار. ئاۋادا مۇشۇ تەلۋىدىمىز بىلەن سىزگە ئۆلۈم كېـ
لەر بولسا، مەن جېنىمنى بېرىشكە رازى. جېنىم ئاتا، ماڭا رەھمى
قىلىڭ“— دەپ يىغلاپ يالۋۇردى.

سالماس بوۋا: ”خەير! پىشانەمگە پۈتۈلگەننى كورەرمەن،
ھامان بىر كۈنى ئۆلەرمەن“—دەپ ئالتۇن سازىنى قولىغا ئېلىپ،
ئۇدۇل پادىشا ئولتۇرىدىغان يول ئالدى. شاپەرقۇتنىڭ ئالدىغا تىزلى
نىپ بىر سوز ئېيتتىنى:

پاناھىم پادىشاھىم سەن، بارارغا دادى خاھىم سەن،
كوڭۈلگە چىن ئارامىم سەن، جېنىمغا جان - مادارىمسەن.
كېلىپمەن بۇ ھوزۇرىڭغا، مۇقەددەس تەختۇ - نۇرۇڭغا،
سادالەت مەندە يولۇڭغا، قۇلاق سالغايسەن قۇلۇڭغا.
ئارزۇغا ئېيىپ يوقتۇر، ئەلچىگە ئۆلۈم يوقتۇر،
كەچۇرسەڭ بىر قوشۇق قانىنى، سائادەتلىك ساڭا جىقتۇر.
كېلىپتۇ شەمسى جانانغا، بولۇپ چىن ئاشىقى ئوغلان،
تەلەپنى تەرك ئېتەر بولساڭ بوسۇغاڭدا بولۇر قۇربان......

ئەلقىسسە، شاپەرقۇت سالماس بوۋىنىڭ سوزىنى يەنە ئاڭلاۋې-
رىشكە تاقەت قىلالماي، دەرغەزەپ بولۇپ ”جاللات“ دەپ جار سال-
دى. شۇ ھامان 18 جاللات قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ ھازىر بول-
دى. پادىشا شۇنداق پەرمان بەردىكى: ”شاھنىڭ شانۇ - شەۋكى-
تىگە بىھورمەتلىك قىلىپ تىل تەككۈزگەن قېرىنى دەرھال قەتلە
قىلىڭلار“ — دىدى. جاللاتلار سالماس بوۋىنىڭ بوينىغا سىرتماق
سېلىپ ئۆلۈمگە ئېلىپ ماڭدى.

شاپەرقۇتنىڭ بىر ئاقىلانە ۋەزىرى بار ئىدى. ئۇ جاللات-
لارغا ئۇچراپ ”بۇ ئادەم نىمە گۇنا قىلغان“ — دەپ سورىدى.

جاللاتلار "ئەلچى" لىك ئەھۋالنى ئىزھار ئەتتى. ۋەزىر: "مەن قايتىپ چىققىچە ئورنۇڭلاردىن مىدىرلىمايسىلەر" — دەپ بۇيرۇدى. ئۇ، شاھ ئالدىغا كىرىپ: "ئى پادىشاھى ئالەم! قىزى بارنىڭ ئالدىغا ئەلچى كىرىش ياخشىلىقنىڭ بىشارىتى، شەرىئەتتە ھېچ قاچان ئەلچىگە ئۆلۈم جايىز ئەمەستۇر، ناھەق توكۇلگەن قان ئۇ- چۇن ئاخىرەتتە جاۋاپ بەرمەك بەرھەقتۇر" — دىدى. پادىشا نا- ئىلاج بولدى. ۋەزىر ئېيتتىكى: "ئەگەر قوبۇل كورمىسىڭىز بەر- مەس قىزنىڭ تويلۇغى پۇتمەس دىگەندەك، ئېغىر تەلەپ قويسى- ڭىز يولىغا راۋان بولۇر" — دىدى.

ئەلقىسسە، شا پەرقۇت ۋەزىرىنىڭ مەسلىھەتى بويىچە سالماس بوۋى- نى ئۆلۈمدىن كەچۈرۈم قىلدى، سالماس بوۋا كۆلبىسىگە قايتىپ، تەقەززالىق بىلەن جاۋاپ كۇتۇپ تۇرغان قەمەرشاھقا پادىشانىڭ "تويلۇق" تەلىۋىنى يەتكۇزدى، بۇ ئېغىر تويلۇق قەمەرشاھنى ھو- شىدىن كەتكۇزدى...... شەمسى جانان ئېيتتىكى: بۇ "تەلەپنى قانداق- مۇ بەجا كەلتۇرگىلى بولسۇن؟ بىرلا چارە، ئىككىمىز ئىسپىھان شەھرىگە قاچايلى، بەختكە ئۆزىمىز يول ئاچايلى" — دىدى. قە- مەر شاھ: "يەر ـ ئاسماندىكى جىمى دىۋە ـ پىرىلەر شا پەرقۇتنىڭ قول ئاستىدا تۇرسا، بىز قانداقمۇ قېچىپ قۇتۇلالايمىز؟ ئەڭ ياخ- شىسى ماڭا 40 كۇنلۇك ئىجازەت بىرىڭ، غەرىپتىكى قۇم ئارى- سىدىن كىسىپ ئۆتكەن خاسىيەتلىك دەريا بويىغا بېرىپ ئاللاغا ئىلتىجا قىلىپ كورەي، بەندىسىنىڭ تەلىۋىنى بىجاز كەلتۇرسە ئە- جەپ ئەمەس" — دىدى. شەمسى جانان: "سەندىن 40 كۇن ئاي- رىلىشقا تاقىتىم يوق، نىمە بولساق بىللە كورەيلى" — دەپ يولدىن توستى. قەمەرشاھ: "ئەي جانانىم، مېنى يولۇمدىن توسماڭ، ئۇ- مۇت بولسا، ئۆلۈم ۋەھىمىسى بولمايدۇ" — دەپ بىر سوز ئېيتقىنى:

شەمسى جانان توسما مېنى، سەن ئاتاڭغا خىزمەتتە بول،
كېچە ـ كۈندۈز ئىبادەت قىل، سەھەر قوپۇپ تەلەپتە بول.
مەن بارۇرمەن دەريا بويى، كوڭلۈم سەندىن كەتمەس نېرى،
ئۈندىن ناشقا ئىلاجىم يوق، بەندىدۇرمەن ئاللاغا قۇل.
مەن خۇداغا زار يىغلىسام، تويلۇقلارنى تەلەپ قىلسام،
بەلكى تەڭرىم بەندىسىنىڭ تەلىۋىنى قىلغاي قوبۇل.
سەنمۇ يارىم سەھەرلەردە، تەلەپلەر قىل ئىبادەتنى،
قەمەرشاھقا رەھىم ئەيلە، تىلىگەيسەن ماڭا ئاق يول.

ئەلقىسسە، شەمسى جانان بۇ سوزنى ئاڭلاپ: "بۇ قىرىق كۈن ماڭا قىرىق يىلچە بىلىنەر، ئۇڭغىچە مېنىڭ ھالىم نە بولۇر" — دەپ بىر سوز ئېيتقىنى:

قۇربانىڭ بولاي شىرىن سوز يارىم،
مەن قانداق چىدارمەن قىرىق كۈن بولغىچە.
جانىمنى بېرەي ئەزىز دىلدارىم،
ئوتتۇڭدا كويەرمەن قىرىق كۈن تولغىچە.

تاشلاپ كېتىپ زامىن بولما جېنىمغا،
رەھىم ئەيلە كوزنىڭ يېشى قېنىمغا.
كەتسەڭ قايتىپ پات كەلگەيسەن يېنىمغا،
تاقىتىم ناق ۋىسال كۈنى بولغىچە.

بونەك چارە كەلمىگەچكە قولۇمدىن،
ئاجىزەڭمەن قالدۇرۇشقا يولۇڭدىن.
ئولۇم ئەۋزەل سەنسىز ئوتكەن كۈنۈمدىن،
پات قايتارسەن، ئوزگە سوزلەر بولغىچە.

ئەلقىسسە، قەمەر شاھ شەمسى جانان بىلەن ۋىسالىشىپ يولغا ئاۋانە بولدى. دەريادا بويىنى سۇغا سىلىپ تويلۇق ئۇچۇن خۇداغا مۇناجات ئوقۇپ بىر سوز ئېيتقىنى:

ئالەمنى ياراتقان ئەي پەرۋەردىگار،
بىر يارغا بەدەلنى سەندىن تىلەرمەن.
خەۋەر ئال بەندەڭدىن ئەيلىمىگىن خار،
بىر يارغا بەدەلنى سەندىن تىلەرمەن.

توققۇز ييللاپ ئوز يۇرتۇمدىن ئايرىلىپ،
يار ۋەسلىچۈن زەپىرەڭدەك سارغىيىپ،
مۇناجاتلار ئېيتتىم ساڭا يالۋۇرۇپ،
بىر يارغا بەدەلنى سەندىن تىلەرمەن.

ئەلقىسسە، قەمەر شاھ قىرىق كېچە - كۈندۈز تائەت - ئىبادەت بىرلە خۇداغا نالە قىلدى، سايغا سۇ باشلاپ چار باغ تەييارلاش كويىدا دەريا لېۋىنى تىرناقلىرى بىلەن تىلدى، جابا چەكمەي ھالاۋەت، ئارام قىلماي سائادەت يوقلۇقىنى بىلدى...... سۇكرە شۇنداق بىر ھەرەمباغ بىنا بولۇپتۇركى، ئەيىۋھەننىاس! قەمەرشاھ شەمسى جانانغا خەۋەر بېرىپ، باغ ئارامنى سەيلى قىلدۇرماقچى بولدى. شەمسى جانان ئىنتايىن خۇش كەيپ بولۇپ: "ئەي جېنىمنىڭ جانانى، خۇدا تىلىگىمىزنى ئىجابەت قىپتۇ. يۈرۈڭ ئەمدى سەيلى - تاماشا قىلايلى" — دەپ بىر سوز ئېيتقىنى:

شەمسى جانان:

قەلەم قاشلىق، شىرىن سوزلۈك قەمەر شاھ،
ئەجرىڭ بىلەن تويلۇق تەييار بولۇپتۇ،

ئۇتى يامان تولۇن ئايدەك قەمەر شاھ،
غەيرىتىڭدىن باققا تويلۇق تولۇپتۇر.

قەمەر شاھ:

يارىم ساڭا ئېيتسام يۈرەك سىررىمنى،
پەرزەنتىمىز ئۇشبۇ باغنى كورەرمۇ؟
مۇساپىرمەن، ئەلچىلىككە كىشىم يوق،
ئاتاڭ سىنى مەن غىرىپقا بىرەرمۇ؟

شەمسى جانان:

كورگەنمىدىڭ شاھلار سوزدە تۇرغاننى،
قىلىچلىرى قەتلە، قانغا تويغاننى،
ئاجرىتالماس ۋەدىسى چىڭ بولغاننى،
غەم يىمىگىل تويلۇق تەييار بولۇپتۇر.

قەمەر شاھ:

بىر ئۆزەڭدە ھاسىل مېنىڭ مۇرادىم،
ئىلكىڭدىدۇر ئەسرى تەقدىر ئىرادەم.
سەندىن ئۆزگە يوقتۇر مېنىڭ پاناھىم،
شايائەتلىك ئاتاڭ سىنى بىرەرمۇ؟

شەمسى جانان:

ئەي ۋاپادار كوڭلۇڭ مالال قىلمىغىل،
غەم تىغىدا يۈرىگىمنى تىلمىغىل.
ھەسرەت بىلەن يۈرىگىمنى شىلمىغىل،
ۋىسال ۋاقتى بۈگۈن بىزگە بولۇپتۇر.

ئەلقىسسە، شەمسى جانان ئېيتتىكى: "ئەي قەمەرشاھ! ئەمدى ھەممە نەرسە تەييار بولۇپتۇر، تېزدىن ئاتامغا كىشى ئەۋەرتىپ مەلۇم قىلايلى، رازىلىقىنى ئېلىپ دەرھال نىكاھلىنايلى" — دېدى.

ئەمدى سۆزنى پادىشادىن ئاڭلايلى: شاپەرقۇت بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ۋەزىر - ئەمىرلىرى بىلەن بىرلىكتە بىر قۇسۇر تاپماق نىيىتىدە قەمەر شاھ تەييارلىغان ئارام باغنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە كەلدى.

ئەيۇھەننەس! خىيالى جەننەتتىنمۇ يۈز ھەسسىلەپ ئارتۇق زىننەتلەنگەن بۇ ھەرەمباغنى كۆرۈپ، پادىشا ھاڭ - تاڭ بولۇپ قېتىپ قالدى، چوڭقۇر غەمگە پېتىپ قالدى، "بەرمەي" دېسە، ئۆز لەۋزىدىن ئارتۇق تەييارلىق پۈتكەن، "بېرەي" دېسە، ئاتا - ئانىسى مەلۇم بولمىغان بىر ئادەمزاتقا رايى بارمىدى. ئاخىرى قىزنى چاقىرتىپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياندۇرماق كويىدا بولدى.

شەمسى جانان ئاتىسى ئالدىدا ھورمەتتە تۇرۇپ قەمەر شاھنى تەرىپلەپ بىر سۆز ئېيتقىنى:

قەمەر شاھتىن رىۋايەت بايان ئەيلىسەم،
يۈرەكتىكى سۆزلىرىم تەرىپكە يەتمەس.
سىياقىنى قاچانكىم بىقارار كۆرسەم،
كۆزلىرىسىنىڭ خۇنلىرى زايىگە كەتمەس.

قەمەر شاھ دەپ ئېتىنى بىلىپ قويغاندۇر،
ئارسلاندەك ئۇنداق ئەرنى كىممۇ تۇققاندۇر.
يۈزى گويا تاغدىكى تولۇن چولپاندۇر،
تەرىپىنى قانچە قىلسام شۇنچىلا پۈتمەس.

بويلىرىنىڭ تۈزلىكى چىنارغا ئوخشايدۇر،
روخسارىنىڭ ئۈزلىغى بىر تولۇن ئايدۇر.
كوزلىرىنىڭ نۇرلىغى قۇدرەتكە بايدۇر.
بىر قاراشنىڭ شولىسى بىر ئومۇر پۈتمەس.

كىم كورگەندۇر بۇ سۈپەت قابىل يىگىتنى،
ئىشقى ئاتەش، قەھرى ئوت، قىران بۈركۈتنى.
سەل چاغلىما بۇ كوزلەردىن چاقنىغان ئوتنى،
ھەزەر ئەيلە، قىلىچ، خەنجەر بارچىسى ئوتمەس.

بىرنەچچە يىل باغدا يۈردۈم قايغۇ ـ ھەسرەتتە،
قەمەرشاھنىڭ پىراقىدا دەردىم ئەلۋەتتە.
قۇرۇمىدى كوزۈمدىن ياش شۇنچە غۇربەتتە،
راستىم ئاتا ئۇسىز قىزىڭ مۇراتقا يەتمەس.

ئەلقىسسە، پادىشا بۇ سوزنى ئاڭلاپ غەزىۋى تاشتى. خاتۇنى جۇۋى مەنىپىنى چاقىرىپ: "ئەي خاتۇن، سىنىڭ بۇ قىزىڭدا ھايا ـ نومۇس يوقمۇ؟ مىنىڭ يۈزۈمدىن ـ يۈزۈمگە شۇنداق بىدەپلىك قىلامدۇ؟ ئەمدى بىزگە ئولۇم ھەق بولۇپتۇر"— دەپ بىر سوز ئېيتقىنى:

قىرىق يىل بولۇپتۇ، ئۆي تۇتقىلى بىز،
پەقەت شۇ ئىدى باققان بالىمىز.
ئالدى ـ كەينىدە يوق ئىدى ھىچ ئىز،
ئالەمدە ئىدى يىگانە بىر قىز.
كىرەك ئەمەسمۇ بىزگە ئاتاق ـ يۈز؟

مۇقەددەس بىزگە ئابروي ـ ئاتاق،

قىزدىن چىقامدۇ ئاشۇنداق چاتاق،
دۇنيانى ئەمدى قىلاي مەن نالاق،
شۇنداق ھاياسىز بولغاچ بالىڭىز.

كەچتىم ئەبەتتە بەدەپ قىزدىن،
كوزدىن يوقاتقىل ئاپەتنى تېزدىن.
سوزۇ - چوچەكلەر قالمىسۇن بىزدىن،
گۇم بولسۇن شۇملۇق تولغان ئۆيىڭىز.

ئەلقىسسە، بۇ سوزنى ئاڭلاپ بۇۋى ھەنىپىنىڭ كوڭلى بۇزۇلۇپ: "ئەي پادشاھى ئالەم، خۇدا گۇۋاكى، قىزىڭىزنىڭ بۇ ئىشلىرىدىن خەۋەرسىزمەن، ئوزىڭىز يەتتە ئىقلىمدىكى ئىنسى - جىنلارنىڭ پادشاھى تۇرۇقلۇق چارە تاپالمىغان يەردە، مەن قانداق قىلۇرمەن؟ تېخىمۇ ئاجىز، مەزلۇمدۇرمەن. ئەل ھوكمى لىللا، ئۇلارغا خۇدا سالغان ئىشىق ساۋداسى ئىكەن، بىزدە نىمە ئامال بولسۇن؟"— دىدى.

شاپەرقۇت دەرغەزەپ بولۇپ، غايىپتىن ئاپىرىدە بولغان قەمەرشاھنى كوزدىن يوقاتماق بولدى. جاللاتلىرىغا باش بولۇپ ئارغىماقلىرىنى ئوينىتىپ يولغا راۋان بولدى. يېرىم يولغا بارماي تۇرۇپ شاھنىڭ ئېتى قاتتىق مۇدۇرۇپ كېتىپ شاپەرقۇت يەرگە يىقىلدى. شۇندىن باشلاپ كوزى كورمەس، تىلى سۆزگە كەلمەس بولۇپ قالدى. شەھەرمۇ - شەھەرگە جاكارچى ئەۋەتىپ ھاكىم - لۇقمانلارنى چاقىرتىپ كەلدى. ھېچقايسىسى ئامال قىلالمىدى. بىر يىل ئوتتى، شاپەرقۇت كۈندىن - كۈنگە يامانلاشتى. بۇۋى ھەنىپە: "كىمدە - كىم شاپەرقۇتنىڭ كېسىلىگە شىپا تاپسا، شاھلىق تاجى - تەختنى پۈتۈن ۋەجى بىلەن قوشۇپ ئىنئام قىلىپ بېرىدۇ، شىپاتلىق بېرەلمىسە، بېشى ئېلىنىدۇ" دەپ يارلىق چىقار-

دى. يەتتە ئىقلىمدىن كەلگەن ھەكىم ـ ھۆكۈمالار، قۇرئاندازلار كەلگەن بولسىمۇ، پادىشاغا شىپا تاپالماي بېشى تېنىدىن جۇدا بولدى. قەمەرشاھ بۇ خەۋەرنى ئىشتىپ شەمسى جانانغا بىر سۆز ئېيتقىنى:

ياخشىلىققا يامانلىق ھەر كىشىنىڭ ئىشىدۇر،
يامانلىققا ياخشىلىق ئەر كىشىنىڭ ئىشىدۇر.
ئىجازەت بەر بېرىشقا، شاھقا شىپا تېپىشقا،
بەسىر بولغان كوزىگە نۇرى گوھەر سېلىشقا.

تەشۋىشلەرنى تۆگەتكىن، سالماس بوۋا يول تاپار،
ئۈمىت، ئىشەنچ بولغاندا، يولغا ئەندار گۈل ياپار.

قەمەر شاھتىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ شەمسى جانان چوچۇپ كەتتى. ئۇنى توسماق بولۇپ، شەمسى جاناننىڭ بىر سۆز ئېيتقىنى:

تەۋەككۈل دەرياسىغا سالمىغىل كېمە،
تاش يۈرەك ئاتامدىن ئۈمىتلەر كۈتمە،
ئەجدىھا ئالدىغا بارىمەن دېمە،
بارساڭ ھايات قالىمەن دېمە.

يا شەۋقىڭ بارمىدۇ شاھلىق تەختىگە،
ئىشەنچىڭ يوقمىدۇ ئىشقىڭ بەختىگە.
كاشاللار كەلتۈرۈپ پۇرسەت ۋەختىگە،
جېنىڭغا جاپالار سالىمەن دېمە.

نى ـ نى سەرخىل لوقمانلار ئۆلدى،
شاھ ئوردىسى شېھىتكە تولدى.

شوھرەت، ئاتاق، ئەجەل - ئوق بولدى،
سەنمۇ ئۇنى ئالمەن دىمە.

قەمەرشاھ نىگارى شەمسى جانانىدىن بۇ سوزنى ئاڭلاپ دىلى بىارام بولدى. "ئى شەمسى جانانىم، مىنىڭ شاھلىقتىن تامايىم يوق، پادىشانى سىناپ كورەيلى، ۋەدىسىدە تۇرمىسا باشقا كەلگەننى كورەيلى، ياخشىلىقتىن ئات، يامانلىقتىن دات قالار. ئىشەنچىم كاملكى، سەن ئۇمىتسىزلەنمەي ماڭا يول بەرىپ بۇگۇنلا يەتكۇزەرمەن ساڭا خوش خەۋەر" — دىدى.

شەمسى جانان ئىلاجسىز قەمەرشاھقا سوز بەردى: "خەيرى، مەرتلىكىڭگە قايىلمەن، ساڭا ياردىمىم شۇ بولسۇن" — دىدى - دە، قولتۇغىغا ئىسۋالغان سىرلىق تۇمارنى يىشىپ قەمەرشاھقا ئۇزاتتى.

— بۇنى نىمە قىلىمەن؟ — دىدى تەئەججۇپ بىلەن قەمەرشاھ.

بۇ خاسيەتلىك تۇمارنى مەن تۇغۇلغانىدا ئاغزىمغا چىشلەپ دۇنياغا كوز ئاچقان ئىكەنمەن، پىرى ئۇستازنىڭ ئىيتىشىچە بۇ تۇمار ئىچىدە ئولۇكىنى تىرىلدۇرىدىغان ھاياتلىق دورىسى بار- مىش. دورىگەر سالماس بوۋا بۇنىڭ سىرىنى بىلسە ئەجەپ ئەمەس" دىدى. ئۇ، ئومۇرلۇك ئىشق نەپسى بىلەن ئاق يول تىلەپ قەمەرشاھنى ئۇزىتىپ قويدى.

ئەلقىسسە، قەمەرشاھ دەرھال سالماس بوۋىنىڭ يىنىغا باردى. ئۇلار ئۇزۇنغىچە شاھەرقۇتقا كەلگەن تۇيۇقسىز ھادىسىنى بىرلىكتە تەكبىر قىلدى. جاھان قۇرئەلىرىنى ئىچىپ چارە يازدى. ئەقىل كانلىرىدىن دۇردانىلەر قازدى. سالماس بوۋا ئالەمگە ئايان قىلمىغان سىرلىق دورا تۇگۇچىنى يەشتى. تىرىك يىلاننىڭ قوسىغىدىكى تۇخۇمغا مىھرىگىيانىڭ ئۇرۇغىنى قوشۇپ شەمسى جانان

ھەرگەن تۇمار ئىچىدىكى 72 مىڭ خىل مۇشكى ئەنبەر جەۋھەرى بىلەن مەلھەم قىلىپ داۋايىمل ھايات جەۋھىرى تەييارلاپ بەردى.

"ئەي ئوغلۇم قەمەرشاھ! بۇ دورىنى ئۈچ قېتىم كۆزىگە سۈرتسەڭ كۆزى ئېچىلىدۇ، ئوقۇتۇپ يېگۈزسەڭ تىلى زۇۋانغا كېلىدۇ. ئوردا ئاكابىرلىرى ئالدىدا پادىشادىن تىلخەت ئالغاندىن كېيىن ئاندىن ھۈنىرىڭنى كۆرسەتكەيسەن" دەپ سالماس بوۋا دۇئا بىلەن قەمەرشاھنى يولغا سالدى.

قەمەرشاھ ئوردا ئىچىگە كىرگەندە، ئوردا ئاكابىرلىرى مەسخىرە قىلىشقا باشلىدى.

— ئەي يىگىت، سېنىڭمۇ ئۆلگۈڭ كەپتۇ-دە، ئالدى بىلەن ئارقا قورانى بىر ئايلىنىپ چىقىپ ئاندىن قىلىچ ئاستىغا كەلگەيسەن" دەپ ئەمر قىلدى، قارىغۇدەك بولسا، ئادەم بېشى تاغدەك دۆگىلىنىپتۇ. قەمەرشاھنىڭ يۈرىكى سىلكىنىپ كەتتى. "يىگىت سۆزىدىن قايتماس، يولۋاس ئىزىدىن. بېشىمدىن قورقۇپ ئارقامغا يانسام، ماڭا ئازاپلىق ئۆلۈم شۇ بولماسمۇ؟ ئىرادەمدىن قايتالمايمەن" دەپ قەمەرشاھ جاللاتلار قولىدىكى قانلانغان قىلىچلارنى پىسەنت قىلماي شاپەرقۇت ياتقان چۆشەك يېنىغا كەلدى. سالماس بوۋىنىڭ ئېيتقانلىرىنى بەجا كەلتۈردى. شاھ يېنىدا يىغلاپ ئولتۇرغان بۇۋى ھەنىپە ئايىم تىلخەت يېزىپ باش مىرزىنىڭ موھرىنى باستى. شۇندىن كېيىن قەمەرشاھ ھۈنىرىنى كۆرسەتتى. ھەممىسى سالماس بوۋا ئېيتقاندەك بولۇپ چىقتى. شاپەرقۇت شۇ ھامان كۆزىنى ئاچتى، زىبانى سۆردى. قەمەرشاھنى تەبرىكلىدى. ئوردا ئىچى زىلزىلىگە كەلدى. قەمەرشاھ ئېيتتىكى: "مېنىڭ شاھلىقتىن تامايىم يوق، مەن ئىسپاھانلىق ئادەم، بۇ يۇرتۇڭلارغا

پادىشا بولۇش قولۇمدىن كەلمىسگەي، شاھلىق بەدىلىگە شەمسى جانان بىلەن نىكالىنىشىمغا ئىجازەت بەرسىڭىز كۆپايە“ — دىدى.

پادىشا شاپەرقۇت خەلقى ئالەم ئالدىدا تىلىخىتىنى ئىسىگە ئېلىپ ئامالسىز قالدى. قىزىنى قەمەرشاھقا ئەھدى نىكالىق قىلىشقا مەجبۇر بولدى. ھەرەمباغدا قىرىق كېچە-كۈندۈز توي دەبدەبىسى كوتىرىلدى. قەمەرشاھ بىلەن شەمسى جانانىنىڭ كوڭلى شاتلىققا تولدى.

شۇندىن ئالتە يىلدىن كېيىن قەمەرشاھ ئىككى ئوغۇل، بىر قىز پەرزەنتكە ئاتا بولدى.

ئەمدى سوزنى ئىسپىھان شەھرىنىڭ پادىشاسى شاھ ھۇسەندىن ئاڭلايلى:

پادىشا ھۇسەن ئوغلى قەمەرشاھتىن ئايرىلىپ 10 يىل ئوتكەندىن كېيىن يالغۇز ئوغلىنىڭ پىراقىدا تولا يىغلاپ كوزلىرى نابىنا① بولدى. ئۇ كېچە-كۈندۈز ئاللادىن ئوغلى قەمەرشاھنىڭ ئامان-ئېسەنلىكىنى تىلەپ مۇناجات ئەيلىدى:

قۇدرىتىڭدىن ئالەمنى ياراتقان جاپپار،
قەمەرشاھ ئوغلۇمنى سەندىن تىلەيمەن.
دەردىم تولا سەن ئۆزەڭ بولغىل مەدەتكار،
قەمەرشاھ ئوغلۇمنى سەندىن تىلەيمەن.

بېھىشنىڭ باللىرى ھەسەنۇ-ھۇسەن②،
كەربالا③ شەھىدى يەتمىش ئىككى تەن،

① نابىنا — كوزى كورمەيدىغان كىشى، كور.

② مەھەممەت پەيغەمبەرنىڭ نەۋرىسى.

③ كەربالا — ئىراقنىڭ كوپە دىگەن يېرىدىكى پۇرات دەرياسى يېنىدىكى قۇملۇق چول.

ئابىنا كوزلىرىمنى ئەيلىگىن روشەن،
قەمەرشاھ ئوغلۇمنى سەندىن تىلەيمەن.

شاھ ھۇسەننى بۇ ئازاپتىن قىل نىجات،
دەرگاھىڭغا ئېيتار بولدۇم مۇناجات،
تىلەگىمدۇر شۇ ئوغلۇمنى كەلتۇر يات،
قەمەر شاھ ئوغلۇمنى سەندىن تىلەيمەن.

ئەلقىسسە، كۆڭلەرنىڭ بىرىدە قەمەرشاھنىڭ چۈشىگە ئاتا-ئانىسى كىرىپ، ئۇنىڭغا يېڭى بىر پىراق ئوتى تۇتاشتى. شەمسى جانانغا ئېيتتىكى: "ئەي مېھرىۋان ۋاپادارىم، مەن يۇرتۇمدىن ئايرىلغىلى ئۇزۇن يىللار بولدى. ئانا يۇرتۇمنى، ئاتا-ئانامنى كوپ سېغىندىم، بېرىپ كەلسەم نىمە دەيسەن؟" — دىدى. شەمسى جانان: "ئەي جېنىمنىڭ جانانى، يۇرىكىمنىڭ سەكپارىسى، سەندىن بىر كۈن ئايرىلىپ بۇ دۇنيادا تىرىك يۇرگىنىمدىن ئولگۈنۈم خوپراق. قەيەرگە بارساڭ بىرگە بولىمەن. ئەگەر تەقدىر ئولۇمگە بۇيرۇسا بىرگە ئولىمەن، دۇنيانىڭ شاتلىغى ۋە خاپىلىغىنى سەن بىلەن بىرگە كورىمەن" — دىدى.

قەمەرشاھ: "ئۇنداق بولسا، پادىشادىن جاۋاپ سورايلى، رۇخسەت قىلسا بىرگە ماڭايلى" — دەپ پادىشانىڭ ئالدىغا كىرىپ بىر سوز ئېيتقىنى:

ئاتالىقلار، ئانالىقلار دەستە-دەستە گۇل ئىكەن،
ئاتاسىزلار، ئاناسىزلار ھەرجايغا بارسا خار ئىكەن.
مەككىگە باراي دىسەم يۇرتۇم ئۇنىڭدىن ئەتىۋا،
ئول مەككىنىڭ ئۇلۇغلىغى ئاتا بىلەن ئانا ئىكەن.

بۇ كېچە بىر چۈش كورۇپ، چۈشتى تېنىمگە ئىشتىياق،
ئانا يۇرتنى كورمىسەم، تەركى ھايات بەك ئار ئىكەن.
ئول خىزدا بەرسە مەدەت، ئاتامنى مەن ئىزلەپ تاپاي،
يۇرتى بارلارغا ھامان رەنا مۇپەتلەر يار ئىكەن.
ئىسپىھان شەھرىم ئارا، رۇخسەت قىلىڭ قايتاي بۇگۇن،
ئەل سۇيەر ئوغلانىغا يات يۇرت، جەننىتى ھەم تار ئىكەن.
ئەلقىسسە، قەمەرشاھ بۇ سوزنى قىلغاندىن كېيىن، پادىشاھ:
"ئەي بالام، تەقدىرنىڭ قۇدرىتى بىلەن ئادەمزات ئىز باسماي-
دىغان — دىۋە - پەرىلەرنىڭ شەھىرىگە كەلدىڭىز، ئەمدى قايتىپ
كېتەلىشىڭىز بىھالدۇر①" — دېدى. قەمەرشاھ: "ئاتا - ئانام ۋە يۇرتۇم
ئۇچۇن بەش قەدەم بېسىپ ئولسەم شېھىت ئولەرمەن، پۇشمانىم
يوق. شات كولەرمەن، مېنى بۇ يولدىن توسماڭىز" — دەپ ئىلتىجا
قىلدى. پادىشاھ: "شۇندا قىزىغا ئېيتتىكى: "ئەي قىزىم شەمسى
جانان! ئادەمزات ۋاپاسىزدۇر، سىز بارماڭ" — دەپ ئېيتتى.
شەمسى جانان نىمە دەپتۇ دەڭ:

لەيلى بىلەن مەجنۇن ئوتتى دۇنيادىن،
ئولار قاچان ئوز ئىشقىدىن ئايرىلغان.
جانان ئۇچۇن جاندىن كەچمەك ئەۋزەلدۇر،
شىرىن بەرگەن پەرھات ئۇچۇن ئەزىزجان.

قەمەرشاھقا ئىشقىم چۈشكەچ زىيادە،
ئۈچ يۈز ئاتمىش يىلنى كەزدى پىيادە.
يارىدا بولغاچ ۋاپادارلىق ئىرادە،
چىدام بىرلە ئاخىر تاپتى مۇرادە.

① بىھال — مۇمكىن ئەمەس، ئىمكانىيەتسىز.

مېنى ئەمدى يولدىن توساق بەھاجەت،
رۇخسەت ئەيلەڭ قىلىپ بىزگە شاپائەت.
مەنكى ياردىن ئايرىلىشقا بىتاقەت،
ھەققىڭىزدە ھەققە قىلغۇم ئىبادەت.

ئەلقىسسە، بۇ سوزنى ئاڭلاپ پادىشا قىزىنىڭ جۇدالىغىغا كوپ يىغلىدى. ئاخىرى نائىلاج رۇخسەت قىلىپ بىر سوز ئېيتقىنى:

مۇندىن كېتەر بولساڭ ئوغلۇم قەمەرشاھ،
شەمسى جانان قىزىمنى ساڭا تاپشۇردۇم.
ئاللا ساقلاسۇن جۇدالىقنىڭ دەردىگە،
يېگانە قىزىمنى ساڭا تاپشۇردۇم.

شاپەرقۇت دەر تاجۇ-تەختىم،
يىقىلاپتۇ ئولەر ۋەختىم.
نىتەي ئىكەن قارا بەختىم،
ئاجىزە قىزىمنى ساڭا تاپشۇردۇم.

مەن نەيلەيىن مۇرادىمغا يەتمىدىم،
شاھ تۇرۇقلۇق غەمنى خالاس ئەتمىدىم.
نىچۇن پاتراق ئۇ ئالەمگە كەتمىدىم،
شەمسى جانان قىزىمنى ساڭا تاپشۇردۇم.

ئەلقىسسە، شاپەرقۇت ئەل-جامائىتى يىغا-زارە ئىچىدە قەمەرشاھ بىلەن شەمسى جاناننى يولغا سېلىپ قويىدى. ئەر-خوتۇن ئۇچ پەرزەنت بىلەن توقۇملۇق ئارغىماقلارغا سەپەر جابـ-

دۇقلىرىنى ئارتىپ ئىسپىھان شەھرىگە قاراپ راۋانە بولدى. شۇن-
داق قىلىپ 360 يىللىق يولنى 40 كۈندە، يەنە بىر رىۋايەت-
تە 40 سائەتتە بېسىپ شاپەرقۇتنىڭ دىۋە - پەرىلىرى ئۇلارنى
ئىسپىھان شەھرىگە ساق - سالامەت يەتكۈزۈپ قويۇپ ياندى.
قەمەرشاھ ئۆز شەھرىنى تونۇيالماي تەمتىرەپ قالدى. شۇ ئارىدا
بىر توپ قىز - جۇۋانلار يۈگۈرۈشۈپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلدى.
قەمەرشاھ ئۇلاردىن ئاتا - ئانىسىنى سوراپ بىر سوز ئېيتقىنى:

تولۇن ئايدەك ھوسنى جانان جۇۋانلار،
شاھ ھۇسەن دەپ ئاتام مۇندا بارمىدۇر؟
پەرزەنت ئۇچۇن باغرى زەرداپ بولغانلار،
ئاتا - ئانام مۇندا ئامان بارمىدۇر؟

ھېچبىر بەندە مەندەك كۈننى كورمىسۇن،
يۈرەك - باغرى ئىشق ئوتىدا كويمىسۇن.
قانچە يىللاپ چول - دەشتلەردە كەزمىسۇن،
ئىسپىھاندا ئاتام ھۇسەن بارمىدۇر؟

بايان قىلسام جانانلارغا زارىمنى،
ئىبلىپ كەلدىم يارۇ - پەرزەنت بارىمنى.
ئەل يۇرتۇمنىڭ ئىشقى ئورتەر جانىمنى،
بىللە ئوسكەن دوستلار ئامان بارمىدۇر؟

خەۋەر ئەيلەڭ يۇرتقا قەمەر كەلگىنىن،
شەمسىجانان يارى ھەمدەم بولغىنىن.

ئىككى ئوغۇل، بىر قىز پەرزەنت كورگىنىن،
گۇلجامال مەلىكە سىگلىم بارمىدۇر؟

ئەلقىسسە، ھەمسوھبەت قىز - جۇۋانلار ئارىسىدا مەلىكە گۇلجامالمۇ بار ئىدى. بۇ سوزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن گۇل - جامال قەمەرشاھقا ئوزىنى ئاتتى: "ئاھ! سەن ئاكام" — دەپ زار - زار يىغلاپ بىر سوز ئېيتقىنى:

ئۇچ يۇز ئاتمىش يىل يولىغا بەل باغلاپ كەتكەن.
شاھ ھۇسەننىڭ ئوغلىمۇ سەن بىر - بىر بايان ئەت.
شۇنچە يىلدىن يات ياۋاندا جاپالار چەككەن،
ئاكامىمۇ سەن، يا ئەمەسمۇ؟ بىر - بىر بايان ئەت.

ئاتام تولا يىغلاپ كوزى غۇبارە① بولدى،
مىسكىن ئانام سىنەسىگە زەخمەتلەر تولدى.
گۇلجامال سىگلىڭ كوپ غەمگۇزار بولدى،
ئاكاممۇسەن، يا ئەمەسمۇ؟ راستىن بايان ئەت.

سىگلىڭ گۇلجامالغا يەتتى كوپ پىغان،
سەن بولمىغاچ دەرت - ئەلەمگە چوكتى ئىسپىھان.
سېنى ئىزلەپ يارۇ - دوستۇڭ كەتتى ھەرقايان.
ئاكام بولساڭ كەچمىشىڭنى بىر - بىر بايان ئەت.

ئەلقىسسە، بۇ سوز بىلەن ئاكا - سىگىل زار - زار يىغلاپ كىرەلىشىپ كورۇشتى. شۇ ھامان گۇلجەمىلە شاھ ھۇسەننىڭ

① غۇبار — چاڭ - توزاڭ.

خەۋەر يەتكۈزدى. 15 يىلدىن بىرى قەمەرشاھ ئىشقىدا سەۋدايى بولۇپ يىتىپ قالغان ئانىسى بۇ ئۈشتۈمتۈت خەۋەرنى ئاڭلاپ يىقىلىپ - قوپۇپ قەمەرشاھنىڭ ئالدىغا چىقتى. بۇ ئوغلىنى كۆرۈپلا بىھوش بولۇپ، شۇ ياتقانچە ھوشىغا كەلمەي ئۇ ئالەمگە دىھلەت قىلدى. قەمەرشاھ ئانىسىنىڭ جەسىدىنى ئۈچ كۈن تۇرغۇزۇپ چوڭ ئىززەت - ئىكرام بىلەن ئۆز قولىدا يەرلىككە قويدى. ئاتىسى شاھ ھۇسەننىڭ مۇبارەك تىزىغا باش قويدى. ئاندىن كويىقاپتىن ئېلىپ كەلگەن تىلىسىملىق ئابى ھاياتنى شاھ ھۇسەننىڭ كوزىگە سۈرتكەن ئىدى، شۇ ھامان كوزى روشەن بولدى. ئۆشلى قەمەرشاھنى قايتىدىن باغرىغا باستى. شۇندىن كېيىن پادىشا ھۇسەن يەنە ئۈچ يىل ئومۇر كورۇپ ئالەمدىن ئوتتى. شاھ ھۇسەننىڭ ئورنىغا خالايىق بىر ئېغىزدىن قەمەرشاھنى ئىسپىھاننىڭ پادىشاھى قىلدى. قەمەرشاھ ئەلگە ئاسايىشلىق كەلتۈردى. ئانا يۇرتىنى گۈل - پۈراققا تولدۇردى،

# ھور لقا۔ ھمراجان

چىن - ماچىن يۇرتىنىڭ خىسراۋ دېگەن پادىشاسى كۈنلەرنىڭ بىرىدە شۇنداق چۈش كوردى، چۈشىدە شۇنداق بىر ئىش كوردى: ئۇنىڭ قولىغا بىر بۇلبۇلگويا قونۇپ خۇش لەتاپەت بىلەن سايراپ تۇرغىدەكمىش، پادىشا چوچۇپ ئويغانسا قولىدا ھېچ نەرسە يوقمىش. شۇندىن باشلاپ، ئۇنىڭ يۈرىگىگە بۇلبۇلگوياغا ئاشىقلىق ئوتى تۇتىشىپتۇ.

پادىشانىڭ ئۈچ ئوغلى بولۇپ، چوڭىنىڭ ئىسمى ئەسقەر شاھ، ئوتتۇرانچىسىنىڭ نۇردۇنشاھ، كىچىكىنىڭ ھەمراجان ئىدى.

پادىشا شۇ ھامان ئوغۇللىرىنى چاقىرىپ، ئەھۋالنى ئېيتىپ: ”يەتتە ئىقلىمنى كېزىپ، ئۈچ ئاي ئىچىدە نەدىن بولسىمۇ بۇلبۇلگويانى تېپىپ كەلمىسەڭلا ئۇ دۇنيا - بۇ دۇنيا رازى ئەمەسمەن“ دېدى.

بۇ ئۈچ ئوغۇل دادىسىنىڭ تەلىپىنى بەجا كەلتۈرۈپ، بۇلبۇلگويانى تېپىپ كېلىپ دادىسىنىڭ ئىنئامىغا ئېرىشىش ئۈچۈن سەپەرگە تەييارلىنىشتى.

ئەسقەرشاھ بىلەن نۇردۇنشاھ ئۈكىسى ھەمراجاندىن قىزغىنىپ، ئۇنىڭغا تۇيدۇرماي يولغا راۋان بولۇشتى.

ئەلقىسسە، ھەمراجان ئەھۋالنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇمۇ ئاتا خىزمىتى ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىپ، ئون كۈن كېيىن سەپەرگە چىقىپ، ئۈچ ئاچا يولنىڭ بېشىدە ئاكىلىرىغا يېتىش-

ۋالدى. بۇ يەردە تاشقا ئويۇلغان ئۈچ خەت تۇراتتى:

بىرىنچى يولنىڭ بېشىغا "بارسا كېلەر"، ئىككىنچى يولنىڭ بېشىغا "يا كېلەر، يا كەلمەس"، ئۈچىنچى يولنىڭ بېشىغا "بارسا كەلمەس" دەپ يېزىلغان ئىكەن.

ئەسقەرشاھ بىلەن نۇردۇنشاھ ئۆكسى ھەمراجاننى كوزدىن يوتتۇرۇش كويىدا كېڭەش تۈزگەندىن كېيىن ئېيتىشتىكى:

— ھەر بىرىمىز بىر يولغا كىرىپ بۇلبۇلگويانى ئىزلەيمىز، قايسى يولغا كىرىشنى چوڭدىن باشلاپ تاللايمىز."

ھەمراجان رازىمەنلىك بىلەن:

— ئاكىلار، ئىش سىلەر دىگەندەك بولسۇن، — دىدى.

ئەسقەرشاھ "بارسا كېلەر" يولغا، نۇردۇنشاھ "يا كېلەر، يا كەلمەس" يولغا كىردى. ھەمراجان بولسا "يا ئىگەم" — دەپ "بارسا كەلمەس" يولغا مەردانە قەدەم تاشلىدى. ئەسقەرشاھ بىلەن نۇردۇن شاھ يولغا قاراپ بېشىنى قاشلىدى، نىمە قىلىشنى بىلمەي كوزىنى ياشلىدى.

ئەمدى بىر كەلىمە سوزنى "بارسا كەلمەس" يولدىن ئاڭلايلى:

ئەلقىسسە، ھەمراجان ئادەم ئايىغى باسمىغان دەشت - چوللەردە ئۇزۇن يۇردى، ئاجايىپ موجىزىلەرنى كوردى. قوسىغى ئاچسا قومۇش بىلەن چۇچۇكبۇيا يىلتىزىنى يەپ، ئۇسسىسا يامغۇر سۇيى ئىچىپ قۇم دوڭلىرىدىن ئاشتى. يول ئازاۋى دەرماندىن كەتكۈزگەن ھەمراجان بىر يەردە ئۇخلاپ قېلىپ، چۇشىدە خىزىرنى كوردى. خىزىر سۇتتەك ساقلىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— ئوغلۇم قەيەرگە يۇردۇڭ؟ — دەپ سورىدى. ھەمراجان:

ئاتا خىزمىتى ئۇچۇن خالىسانە بېشىمنى ئېلىپ چىقتىم» دەپ جاۋاپ بەردى.

خىزىر: «ئارقاڭغا يان ئوغلۇم! سەن خەتەر يولغا كىرىپ قاپسەن» — دېدى.

ھەمراجان: «ئۆلۈپ كەتسەم رازىمەنكى، بولۇمىدىن يانالمايمەن» — دېدى.

خىزىر بېشىنى لىڭشىتىپ: «خەير، ئىرادىلىك يىگىت كۆرۈنسەن، ئاق يول تىلەيمەن، مۇرات - مەقسىدىڭگە يەتكەيسەن» — دەپ دۇئا ئەيلىدى:

چىقىپسەن چىن - ماچىندىن،
كىرىپسەن بىر خەتەر چۆلگە.
ئېلىڭ ئۈمىدى يار بولسۇن،
ھەر زامان بۇرچۇڭنى ياد ئەيلە.
ئاتا خىزمىتى ھەم ئۇلۇغتۇر،
رىيازەت① ئۇندا تولۇقتۇر.
ئارسلان يولى يورۇقتۇر،
ھەر زامان يۇرتۇڭنى ياد ئەيلە.
ئەمەستۇر يوللىرىڭ توپ - تۈز،
تىكىلگەندۇر ساڭا كۆپ كۆز.
ئاشىقتۇر نە پەرى ھور قىز،
ھەر زامان بەختىڭنى ياد ئەيلە.

ئېچىلسۇن گۈللىرىڭ رەنا،
ساڭا ھەمدەم بولۇپ دەنا،

① رىيازەت — جاپا - مۇشەققەت.

ئەقىلىڭنىڭ يارى بول ھەمرا،
ھەر زامان ئەھدىڭنى ياد ئەيلە.

ئەلقىسسە، نەزمىدىن كېيىن خىزىر ئېيتتىكى:

— ئەي ئوغلۇم، يەنە ئۈچ بەش كۈن يۈرسەڭ بىر بۇلاققا يېتىپ بارىسەن. ئۇنىڭ سۈيىنى ھەرگىز ئىچىپ قالما، ناۋادا تەشنائى تەقەززا بولساڭ ئەتراپىڭغا نەزەر سالغىن، ھەممىنى چۈشىنەرسەن، — دەپ كۆزىدىن غايىپ بولدى.

ھەمراجان ئويغىنىپ قارىسا ئەتراپىدا ھېچكىم كۆرۈنمىدى. ئۇ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، يەنە يول يۈردى، يول يۈرگەندە مول يۈردى. ئۈچ بەش كۈن دېگەندە بىر بۇلاققا يەتتى. ئۇ راسا چاڭقاپ كەتكەچكە بۇلاق سۈيىدىن تويغۇچە ئىچكۈسى كەلدى. لېكىن شۇ ھامان چۈشى ئېسىگە كېلىپ ئەتراپقا نەزەر سالدى، قارىغۇدەك بولسا بۇلاق ئەتراپىدا قاغا قۇزغۇن، يولۋاس، يىلپىز قاتارلىق جانىدارلارنىڭ ئۆلۈكلىرى تاغدەك دۆۋىلىنىپ كەتكەن ئىكەن، "خىزىر ھەممىنى بىلىدىكەن، بۇ زەھەرلىك بۇلاق ئىكەن" دەپ ئۇنىڭغا نەزەر كۆزلىرىنىمۇ سالماي كېتىۋەردى. پايانى يوق بىر دەشت-چۆلدە يىگانە كېتىپ بارسا ئۇنىڭغا ھەيۋەتلىك بىر گۈمبەز يولۇقتى. بۇگۈن مۇشۇ يەردە قوناي دەپ ئۇنىڭ ئىچىگە كىرگەن ئىدى، ئىپار، زەپەر پۇراپ ھەمراجاننى مەس قىلىۋەتتى. بىردەمدىن كېيىن يەر يېرىلغاندەك گۈلدۈرلىگەن سادا كەلدى. ئارقىدىنلا بىر توپ چىلتەنلەر① ماشايىخلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ گۈمبەزدە تۈنەشكە كىردى. ھەمراجان بىر بۇلۇڭدا تىڭشاپ ئۈن-تىنسىز ئولتۇردى.

---

① چىلتەن — (چەھلتەن) قىرىق گەۋدىنىڭ بىر يەرگە يىغىلىشى.

چىلتەن پىرىم ئېيتتىكى:

— "ئەي چىلتەنلەر، بىز مۇنداق تونۇسەك كوزىمىز ئۇيقۇغا كېتىدۇ، شۇڭا دەرھال ھورلىقاغا خەۋەر بېرىڭلار" — دەپ بۇيرۇق قىلدى.

كوپ ئوتمەيلا پەرى ھورلىقا چىلتەن پىرىم ئالدىدا تازىم بەجا كەلتۇردى.

چىلتەن پىرىم ئېيتتىكى:

— "ئەي ھورلىقا پەرى! بۇ ئولتۇرغان ئىممەتلىرىگە ئوز قوللىرى بىلەن بىر پىيالىدىن زەمزەم تۇتسىلا قانداق؟" — دېدى. ھورلىقا "خوپ!" دەپ قوبۇل ئەيلەپ قەدەھنى ئابى زەمزەمگە تولدۇرۇپ چىلتەنلەرگە سۇنۇشقا باشلىدى. ئايلىنىپ يۈرۈپ ھورلىقانىڭ كوزى گۇيەرنىڭ بولۇڭىدا ئولتۇرغان ھەمراجانغا چۈشتى. ھەمراجان شۇنداق بېھىشنى كوتەرگەن ئىدى، ئۇنىڭ كوزى ھورلىقانىڭ ئوتلۇق كوزى بىلەن ئۇچراشتى. چاقماق چېقىلغاندەك بىر غايىۋانە ئوت ھەر ئىككىسىنىڭ يۈرىگىگە تۇتاشتى. شۇ ھامان ھورلىقانىڭ قولىدىكى ئالتۇن قەدەھ يەرگە چۈشۈپ كەتتى.

چىلتەن پىرىم بۇ ئەھۋالنى كورۇپ ھەيران بولدى ۋە كوڭلىدە زوتمەنلىك پەيدا بولدى. سۇيىمى مەزگىلى بولغاندا چىلتەن پىرىم ئېيتتىكى:

— ھەي پەرى قىز، سىزگە ئادەمزات ئاشىق بوپتۇ. ئەندى ئىز باسقان بۇ ئىقلىمىمىزغا قەدەم تەشرىپ ئەتكىنىگە قارىغاندا بۇ يىگىت جىگەرنىڭ ۋاپادار كورۇندۇ. قابۇل كورسىڭىز بەختىڭىزگە تىلەكداشمەن، — دېدى ۋە ئۇلارنى خالى قالدۇرۇپ يولغا راۋان بولۇشتى.

ھورلىقا ئېيتتىكى:

— ئى يىگىت! ئۆزىڭىز كىم بولۇرسىز؟ قاياقتىن كېلىپ يۈرىسىز؟

ھەمراجان ئېيتتى:

ئاتام ئاشىق بولغان ئىدى بۇلبۇلغا،
ئۈچ قېرىنداش ئىزلەپ چىقتۇق ئۈچ يولغا،
شۇنچە ئىزلەپ يېتەلمىدۇق ئۇنىڭغا،
شۇ سەۋەپتىن ئاھۇ-پىغان چېكەرمەن.

ئەلقىسسە، ئاندىن ھەمراجان ھورلىقانىڭ نامۇ-ئەھۋالىنى سورىدى. ھورلىقا جاۋاپ ئورنىغا ئاجايىپ خۇش لەتاپەت بىلەن قاقاقلاپ كۈلدى-دە، بىر پارچە ئوت بولۇپ ئاسمانغا چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭغا كۆڭلى مەھلىيا بولغان ھەمراجان ئارقىسىدىن قوغلىدى. ئاڭغىچە ھورلىقا پەرى ئۆزىنىڭ قارارگاھىغا يېتىپ ماشايىخلىرىغا ئېيتتىكى:

— ئى مېنىڭ ئىممەتلىرىم، بىزنىڭ دەرگاھىمىزدا بىر ئادەمزات پەيدا بولدى، ئۇنىڭ ئالدىنى توساپ بېقىڭلار، نېمە دەردى بار تىڭلاپ بېقىڭلار، — دېدى.

دىۋە-پەرىلەر جەم بولۇشۇپ ھەمراجاننىڭ ئالدىغا كۆز يەتمەس قۇم بارخانلىرىنى پەيدا قىلدى. ھەمراجان يول يۈرۈشكە ئامالسىز قالدى. قۇمدىن چىقالماي ئاياقلىرى تالدى. بارغانسېرى ھەمراجاننى قۇم ئۆز قوينىغا ئالدى. ئۇشبۇ ھالەتنى نەزمىگە قاتتى:

ۋىسال ئىزلەپ بۇ ماكانغا كېلىۋەرمەن،
مۇندىن قۇتۇلمىشمنى قايدىن بىلىۋەرمەن.
چەشمە ئىزلەپ ئۇشبۇ چۆلدە ئۆلىۋەرمەن،
زاغى - زۇغۇنلارغا راست تويدۇر بۇگۈن.

پەلەك مېنى بۇ چۆللەردىن ئۆتكۈزسە،
باشقا كەلگەن خەتەرلەرنى كەتكۈزسە،
رەھمى ئەيلەپ مۇرادىمغا يەتكۈزسە،
كوزدىن ئاققان ياشلىرىم قاندۇر بۇگۈن.

كورەلمىدىم يار باغچىسى ئانارىمدۇر،
شۇل نىگارىم ماڭا ئوخشاش يانارمىدۇر،
ۋىسالىغا يۈرەك باغرىم قانارمىدۇر،
ماڭا ئۇسىز جاھان گويا تۇندۇر بۇگۈن.

گۇناھىم يوق پەلەك مېنى خار قىلما،
ئاجىزىڭغا كەڭ قوينۇڭنى تار قىلما،
مەرت بەندەڭنى نامەرتلەرگە يار قىلما،
نى سەۋدالار باشقا چۈشەر كۈندۇر بۇگۈن.

ئەلقىسسە، ھەمراجان بۇ بەزىنى ئوقۇپ زارۇ - زار يىغلاپ كوزى ئۇيقۇغا كەتتى. غايىپتىن ئۇنىڭ ئالدىغا خىزىر كېلىپ، ئاغزىغا سۇ ئىچمەتتى. بۇ ئويغانسا تۇت ئەتراپىدىكى قۇمدىن بولەك ھېچ دېرەك يوق ئىدى.

دىۋە - پەرىلەر ھورلىقانىڭ يېنىغا قايتىپ ھەمراجاننىڭ

نالىسىنى يەتكۈزدى. ھورلىقا يەنە سىناپ كورمەك بولۇپ دىۋە- پەرىلەرگە ئېيتتىكى:

— سىلەر ئەمدى خادا قۇيۇن بولۇپ، غاقىراپ- شاقىراپ ئۇنىڭ كوزلىرىگە قۇم- توپا تىقىپ بېقىڭلار، — دېدى.

دىۋە- پەرىلەر دەرھال بەجا كەلتۇردى. ھەمراجان بۇ قاباھەتلىك قۇيۇنغا قاراپ:

ئەي بادى سابا① پەيام② يەتكۈز،
مېنىڭ يارىمغا سالام يەتكۈز،
ئۇزى بىر گۇل لېۋى غۇنچە،
چىشلىرى دۇردانىغا يەتكۈز.

ئۇزۇمدۇر مەن ئەلگە نوۋكەر،
قايتسام مېنىڭ قانىم توكەر،
يانالماسمەن قۇرۇق ئەگەر،
لېۋى شېكەر يارغا يەتكۈز.

ھەمرا دەڭلار شۇل ئاتىمنى،
كىمگە ئېيتاي مەن دادىمنى،
ئاللا بەرسۇن مرادىمنى
ھورلىقاخان يارغا يەتكۈز.

ئەلقىسسە، ھەمراجاننىڭ بۇ سالىمىنى دىۋە- پەرىلەر ھورلىقاغا

① بادى سابا — ئۇچقۇر شامال، تاڭ شامىلى.

② پەيام — دەرھال، تېز مەنىسىدە

يەتكۈزگەندىن كېيىن، هورلىقا ئېيتتىكى: "مەرتەم، مەرتەم، ئۈچ مەرتەم" دېگەن گەپ بار. ئاخىرقى قېتىم ئۆزەم بىر سىناپ كورەي، ئەقىدىسىنى ئاندىن بىلەي" — دەپ تەختتىن چۈشۈپ، تورغاي سۈرىتىگە كىرىپ، ھەمراجاننىڭ بېشىدىن چۇ - چۇلاپ ئايلاندى.

ھەمراجان: "ئەجەپ ئىش ھە! ھەرقانداق بولسا قانىتى بار جانىۋاركەن، سالامىنى يارىمغا يەتكۈزسە ئەجەپ ئەمەس" — دەپ بىر سوز ئېيتقىنى:

خۇدا مېنى ياراتتى،
قارا تۇمان كېچىدە.
ئۆزەم قالدىم غۇربەتتە،
دەشت - باياۋان ئىچىدە.
كۆلدەك يۈزۈم سارغايدى،
قالدىم پىغان ئىچىدە،
يارىم ئاندا ئوينايدۇ
باغۇ - بوستان ئىچىدە.
هاۋادىكى بوز تورغاي،
سايرىمىساڭ نىم بولغاي.
مېنىڭ مىسكىن جانىمنى،
قىينىمىساڭ نىم بولغاي.
يۈرەكتىكى ئارمانىم،
چىچەك ئاچسا نىم بولغاي.
يول باشلىساڭ جەننەتكە،
دوزاق قاچسا نىم بولغاي.

بۇ چوللەردە ئازغاشتىم،
يولغا سالسام نىم بولغاي.
هورلىقاخان يارىمغا،
خەۋەر قىلساڭ نىم بولغاي.

ئەلقىسسە، تورغاي هەمراجانغا يول باشلاپ ماڭدى. بىر جايغا كەلگەندە بىر ئالى قورغان كوزگە نامايەن بولدى. هەمراجان: "بۇ قورغان ئىچىدە نىمە كارامەت باردۇر؟" دەپ يېقىن كېلىپ قارىغان ئىدى، ئۇنىڭ تامام تاملىرى ئالتۇندىن ياسالغان ئىكەن. ئۇ قورغان ئىچىگە قەدەم قويىدى. هەييات بىر باغدۇركى مىرغىزار گۈللەر ئېچىلىپ، بۇلبۇللار سايرىشىپ تۇرغان، قورغان ئىچى نازۇ - نىمەتلەر بىلەن تولغان ئىدى. هەمراجان باققا زوقمەن بولۇپ، بىر مەهەل ئايلىنىپ يۇردى. ئۇ قورغاننىڭ ئوتتۇرىسىدا مۇئەللەق تۇرغان بىر ئالىمنى كوردى. ئۇنى ئېلىپ پۇراي دېيىشىگە شۇئان غايىپ بولۇپ دەرهال بىر سېرىق شۇڭقارغا ئايلاندى. ئۇ قانات كېرىپ بىر سىلكىۋىدى، باغ ئارامىنىڭ ئىچى دىۋى - پىرىلەرگە تولدى.

هەمراجان: "ئەييۇهەنناس! نىمە كارامەت؟" — دەپ ساراسىمىگە چۈشتى. ئارقىدىن بىر توپ تورغايلار ۋىچىرلىشىپ، باغ ئىچىدە هور - پەرىلەر پەيدا بولدى. ئۇلارنىڭ هوسۇنلىرى ئاپتاپتىن زىيادە ئىدى. بىردەمدە بىر شۇڭقار قوش قانات قېقىپ هورلىقاغا ئايلاندى. هەمراجان ئوزىنى گۈل ئارىسىغا پىنهانغا ئالدى. هورلىقا ئوز تەختتە قارار تاپتى. يۈزىدىن پەرى نىقاۋىنى ئېچىپ تۇرۇشىغا دىۋە - پىرىلەر "باغ ئارامدىن ئادەمزاتنىڭ بويى كېلىدۇ" دەپ ئەرز ئېيتىشتى.

ھورلىقا: "دەرھال ئاختۇرۇڭلار، ئادەمزات بولسا، دەخلى-تەرۇز يەتكۈزمەي ئېلىپ كېلىڭلار" — دىدى. دىۋە-پىرىلەر باغ ئارامىنىڭ ئىچىنى ئىزلەشكە باشلىدى. گۇللەر ئارىسىدىن ھورلىقانى كورگەن ھەمراجان ئۇزىنى ئاشكارىلىماقىقا جان-جىگىرىدىن بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

نە قىسمەتتۇر كوزۇمگە،
يار كورۇندى-كورۇندى.
ئۇنىڭ شەمئى ھوسنىدىن،
جان بەر ئەمدى، بەر ئەمدى.

رۇخسەت بەر باققا كىرەي
گۇلى رەنادىن ئىزاي.
قەددى قامىتىڭ كورەي،
يۇر سەيلانە، يۇر ئەمدى.

يەتتىم ئاخىر شاھىمگە،
كوپ كويدۇرگەن يارىمگە.
جان قوشۇلدى جانىمگە،
بەر قولۇڭنى، بەر ئەمدى.

ئەلقىسسە، ھورلىقاخان ھەمراجاننىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ كوڭلىگە تەسەللى-خاتىمە بەرمەكلىكىدىن بىر سوز ئېيتقىنى:

ئى يارانلار ساپ ئىمانلار،
يارا بولدۇم يار دەردىدىن.
ئىشق ئوتىدا كويۇپ ـ يېنىپ،
سەۋدا بولدۇم يار دەردىدىن.
مەندە ھېچبىر پاراغەت يوق،
ئوتكەن كۈندە ھالاۋەت يوق.
مۇندىن ئارتۇق پالاكەت يوق،
ئولەر بولدۇم يار دەردىدىن.
ئاتەش كەبى كويەر بولدۇم،
پىراقىڭدا ئوتەر بولدۇم.
سېنى كوزگە سۈرتەر بولدۇم،
ئولەر بولدۇم يار دەردىدىن.
ئېتىم سورىساڭ ھورلىقادۇر،
پانى دۇنيا بى باھادۇر،
كورگۈنۈم جەۋرى ـ جاپادۇر
ئولەر بولدۇم يار دەردىدىن.

ئەلقىسسە، ھەمراجان ھورلىقانىڭ نەزمىسىنى ئاڭلاپ كوڭلى تەسكىن تاپتى. "ھورلىقا يارىم مېنىڭ ھالىمدىن خەۋەردار ئە-كەن" — دەپ ئويلىدى. شۇ ئەسنادا دىۋە ـ پەرىلەر كېلىپ ھورلىقاغا ئادەمزاتنى تاپالمىغانلىقىدىن خەۋەر بەردى ھورلىقا ئېيتتىكى: "ئەي ھەمراجانىم! ئەمدى ئوزەڭنى ئاشكارا قىلغىن، جېمىكى پەرىزاتلار جامالىڭنى كورسۇن" — دېدى. ھەمراجان گۈللەر ئارىسىدىن چاچراپ چىقىپ ھورلىقانىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇلار ئوزئارا جاي مەنزىل سوراشتى:

هورلىقا:

ئادەمزاتنىڭ ئەي ئىسىل نەسلى،
سادىغاڭ كېتەي قايدىن كېلۇرسەن؟
ئەزىز ئەلنىڭ باھارى - پەسلى
سادىغاڭ كېتەي قايدىن كېلۇرسەن؟

ھەمراجان:

مېنى سورىساڭ چىن - ماچىن يۇرتىدىن،
ۋىسال ئىزلەپ سەرگەردانە كېلۇرمەن.
نەچچە كۆنلەپ دەردۇ پۇراق ھىجرىدىن،
كويۇپ پىشىپ، ئاشىقانە كېلۇرمەن.

هورلىقا:

كىشى مۇنچە كەچ كېلۇرمۇ دوستىگە،
كوز تىكتىڭمۇ ياكى جانىڭ قەستىگە.
قوندۇرىمەن سېنى سىنەم ئۇستىگە
سادىغاڭ كېتەي قايدىن كېلۇرسەن؟

ھەمراجان:

ئومرۇم ئوتتى بوتىلاقتەك تەلمۇرۇپ،
ھەسرىتىڭدە زەپىرانغدەك سارغىيىپ،
نەچچە كۆنلەپ چولىستاننى ئاختۇرۇپ،
سېنى ئىزلەپ باياۋاندىن كېلۇرمەن.

هورلىقا:

قانداق قىلاي سېنىڭ ئاھۇ - زارىڭغا،

بىلگىل ئىزلەپ قانچە باردىم جايىڭغا.
جان پايانداز بولسۇن خاكى - پاھىڭغا①،
سادىغاڭ كېتەي قايدىن كېلۇرسەن؟

ھەمراجان:

چىن ئاشىقمەن كورگىن چىراي - تەرىمدىن
قۇلۇڭ كەبى كەتمىگەيمەن دەرىڭدىن②.
ۋەسلىڭ ئۈچۈن كەچتىم يوقۇ - بارىمدىن
سېنى ئىزلەپ بۇ ماكانغا كېلۇرمەن.

ئەلقىسسە، "ئادەمزاتنى بىۋاپا دەپ ئاڭلىغان ئىدىم، يەنە بىر سىناي" — دەپ ھورلىقا ھەمراجانغا ئېيتتىكى:
— "ئى ھەمراجان! يېنىڭىزدا قىرىق بىر ھور - پەرى تۇرۇپتۇ، خالىغىنىڭىزنى تاللىۋېلىپ كوڭلىنى خۇش قىلغايسىز" — دېدى. ھەمراجان قاتتىق رەنجىش ئىچىدە: "ھورلىقاخان! سەن نىمە خىيال قىلۇرسەن؟ مېنىڭ كوڭلۇم ھامان سەندە، مەن ساڭىلا بەندە" — دەپ بىر سوز ئېيتتىنى:

كوڭلۇمدىكى شۇدۇر ساڭا قۇل بولسام
نىدۇر كوڭلۇڭ نىمىلەرنى ئويلايسەن؟
ئىشقىڭ ئوتى قىلدى مىنى پەرۋانە
نىدۇر كوڭلۇڭ نىمىلەرنى ئويلايسەن؟

① خاكى - پاھىڭ — توپراق، جاي مەنىسىدە
② دەرىڭ — ئىشىك ئالدى.

مەقسىدىم شۇ بەندە بولسام ئېلىڭگە،
لەۋلىرىمنى قويسام شىرىن لېۋىڭگە،
چىرماشسامدىم سېنىڭ نازۇك بېلىڭگە
نىدۇر كوكلۇك، نىمىلەرنى ئويلايسەن؟

ئىچكەچ شاراپ خۇش مۇبارەك قولۇڭدىن،
مەن قايتماسمەن مەگەر كەلسە ئۆلۈمدىن،
مىڭ ئورگىلەي قارا نەركەس كوزۇڭدىن،
نىدۇر كوكلۇك، نىمىلەرنى ئويلايسەن؟

ئەلقىسسە، ھەمراجاننىڭ بۇ سوزىنى ئاڭلاپ ھور-پەرىلەر بىر بىرىگە مەنىلىك قارىشىپ كوزدىن غايىپ بولۇشتى. باغ ئارامدا ھورلىقا بىلەن ھەمراجان يىگانە قېلىشتى. بىر بىرىگە تويماي قارىشىپ، ھوسنى-جامالىرىنى مارىشىپ كوڭۇل سوزلىرىنى ئېيتىشالماي كوز يېقىشىپ قانچە كۈنلەر ئوتۇپ كەتتى. ئاخىرى ھورلىقا بىتاقەت بولۇپ، ئالتۇن سازىنى قولىغا ئېلىپ، ئاشىقلار مۇقامىغا چېلىپ بىر سوز ئېيتقىنى:

بۈگۈن مېنىڭ بولۇرسەن ئەزىز مېھمانىم،
سوھبەت تۈزگىل ھەمرايىم دەۋران سېنىڭدۇر.
شىرىن جانىم ساڭا بولسۇن قۇربانىم،
گىردەك ئىچگىل ھەمرايىم دەۋران سېنىڭدۇر.

سېنى دەپ كەچتىم مەن گۈل ئۈزارىمدىن،
خەۋەر ئالغىن مېنىڭ ئاھۇ-زارىمدىن.

ئاق كوكسۇم ئاراسى ئالمىزارىمدىن،
ئۈزۈپ كورگىل ھەمرايىم دەۋران سىنىڭدۇر.

ئاشىق بولساڭ تەشۋىش قىلما ئۇلۇمدىن،
باغۋەن بولۇپ بۇي ئال تازا گۈلۈمدىن.
بىلدىم ئوتلۇق سىرلىرىڭنى سوزۇڭدىن،
ئوينا پ كۈلگىل ھەمرايىم دەۋران سىنىڭدۇر.

مۇھەببەتنى گۈللەيلى بىز دۇنيادا،
ھەمراجانىم ئومرۇڭ ئۈزۈن زىيادە،
مىنى ساڭا نىسىپ ئەتمىش ئىرادە،
قولۇم تۇتقىل ھەمرايىم دەۋران سىنىڭدۇر.

ھورلىقا بىلەن ھەمراجان باغ ئارام ئىچىدە يەنە بىرقانچە كۈن سەيلى - تاماشا قىلدى، گۈلشەن قۇچىغىدا ئىشق پەيزىنى سۈردى. كۈنلەر ئوتۇپ بىر كۈنى ھورلىقاخان يارى ھەمراجاننى خامۇش ھالەتتە كوردى. ھورلىقا:

— ئى ھەمراجان، دەردىڭ نىدۇر؟ نىمە شۇنچە ئاھۇ - ئەپغان چيكەرسەن؟ — دىدى.

ھەمراجان بىلەن ھورلىقا بىر بىرىگە ئەرز - ھالىنى بايان قىلماقتىن جان - جىگەرى بىلەن ئېيتقانلىرى:

ھورلىقا:

بويۇڭدىن ئۇرگىلەي ئاي مەسەل يارىم،
نىمە شۇنچە ئاھۇ - ئەپغان ئېتەرسەن؟

سوزۈڭ ئىشتمەسكە يوق سەبىر — قارارىم.
ئېيتقىل نىچۈن ئاھۇ-ئەپغان ئېتەرسەن؟

ھەمراجان:

باشتىن سوزلەي يەتكىل دادۇ-ھالىمغا،
شۇڭا ھەر ئان ئاھۇ-ئەپغان ئېتەرمەن.
قېرىنداشلىرىم چۈشتى مېنىڭ يادىمغا،
شۇڭا ھەر ئان ئاھۇ-ئەپغان ئېتەرمەن.

ھورلىقا:

باغۇنىڭمەن بېغىم ئىچرە يارىڭ بار،
ئول باغ ئارا ئالما بىلەن نارىڭ بار،
نە يىغلايسەن كوزلىرى خۇمارىڭ بار
نىمە شۇنچە ئاھۇ-ئەپغان ئېتەرسەن؟

ھەمراجان:

سۇ قەترىسى ئوتمەس ھازىر كېلىمدىن،
جۇدا بولغاچ ۋەتىنىمدىن-ئېلىمدىن،
نىچۈك چىققاي ئاتا سوزى دىلىمدىن،
شۇڭا ھەر ئان ئاھۇ-ئەپغان ئېتەرمەن.

ھورلىقا:

نە سەۋەپتۇر سېنىڭ ئىزلەپ چىققىنىڭ،
شىرىن جانغا ھىجران ئوتىن ياققىنىڭ.
جانغا پاتتى "ئۇھ" تارتىپ ئوق ئاتقىنىڭ
ئېيتقىل نىچۈك ئاھۇ-ئەپغان ئېتەرسەن؟

هەمراجان:

بۇلبۇلگويا كورمش ئاتام چۈشىدە
تاپماق شەرتتۇر ئۇنى ئۈچ ئاي ئىچىدە
كوڭلۈم كېزەر كۈندۈزىيۇ ـ كېچىدە،
شۇڭا هەر ئان ئاھۇ ـ ئەپغان ئېتەرمەن.

هورلىقا:

هورلىقاخان ئېيتۇر، كوڭۈل مۇھتاجى،
بۇلبۇل بولسا، بولۇر ئۇنىڭ ئىلاجى،
تەركى دىدار قىلما گۈنا رىۋاجى،
يەنە نىچۈك ئاھۇ ـ ئەپغان ئېتەرسەن؟

ئەلقىسسە، ئېيتتىكى: "ئەي مەلىكەم، ئاتام چۈشىدە كورگەن بۇلبۇلگويانى ئىزلەپ چىقىپ سىنىڭ ئىشقىڭغا مۇپتىلا بولدۇم. ئاتام: 'ئۈچ ئايغىچە تاقىتىم بار' ئۇندىن ئوتسە ماڭا ئولۇم بار" دىگەن ئىدى. هازىرغىچە بۇلبۇلگويانى تاپالمىدىم. شۇڭا "ئۇڭە تارتماي نىمە ئىلاج" — دىدى. هورلىقا ئېيتتىكى: "بۇلبۇلگويانى تېپىشنىڭ ئىلاجى بار، ئۇ ئىگىچەم هور زەپىرانىنىڭ بېغىدا ئالتۇن قەپەزدە ئېسىغلىق. خالىساڭ مىنىڭ ئارام بېغىمدا بەھۇزۇر سەيلى قىلىپ ئولتۇرغىن؛ بۇلبۇلگويانى مەن ئېلىپ كې- لەي" — دىدى. هەمراجان: "ئوزەم ئەجرى قىلىپ ئېلىپ كې- لۇرمەن، تەييارغا هەييار بولمايمەن" — دىدى. هورلىقا: "ئۇنداق بولسا سېنى بىر سائەتكە قالماي باغ سىمەنگە يەتكۈزۈپ قو- ياي" — دەپ ئەلگ ياراملىق قابىل ئىمەتلىرىدىن بولغان دىۋە قەقنۇسىنى چاقىردى. هورلىقا هەمراجانى ئۇنىڭ ئۇستىگە مىن-

-دۇرۇپ تونۇپ: ”خەتەرسىز باغ سىمەنگە يەتكۈزۈپ بىرىپ، ئامان-
ئېسەن ئېلىپ كەلگەيسەن“ — دېدى. قەقنۇس تازىم قىلىپ،
ئاسمانغا شۇڭغۇداق پەرۋاز قىلدىكىم، ئەييۇھەنناس! دىگەندەك كوز-
نى يۇمۇپ-ئاچقىچە ھەمرانى باغ سىمەننىڭ ئۈستىگە چۈشۈر-
دى. كوردىكى: باغ سىمەن ھورلىقانىڭ بېغىدىن زىيادە، چوڭ
بىر باغ ئىكەن. ھەمراجان باغنى ئارىلاپ ھورلىقا نىشان قىلىپ
بەرگەن يەرگە كەلدى. ئېيتقاندەك بۇلبۇلگويا ئالتۇن قەپەزدە ئىگىز
پەشتاقتا ئېسىغلىق تۇرۇپتۇ. ھەمراجان تەسلىكتە قەپەزنى يېشىپ يولغا
راۋان بولدى. بىر يەرگە كەلگەندە ”ئاتام ئاشىق بولغان بۇ
جانىۋارنىڭ خاسىيىتىنى بىر كورەي“ — دەپ ئالتۇن پەردىسىنى
شۇنداق ئېچىۋىدى، ئاجايىپ ئۈز ۋە خۇش خۇي بىر قۇش
ئايان بولدى. بۇلبۇلگويا ھەمراجاننى كورۇپلا شۇنداق سايراپ
كەتتىكى، ئۇنىڭ ئاۋازىدىن ھەمراجان بىھوش بولدى. باغ سى-
مەندىكى، ھور زەپىرانىنىڭ ئىممەتلىرى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويى-
غاندى. قارىغۇدەك بولسا بۇلبۇلگويا يوق ئىدى. ئۇلار دەرھال
ھور زەپىرانغا خەۋەر قىلدى. ھور زەپىران جىمىكى دىۋە-پىرى-
لەرنى بېغىپ نەدىن بولسۇن تېزلىكتە بۇلبۇلگويانى تېپىپ كې-
لىشكە بۇيرۇدى. ھور زەپىراننىڭ قابىل دىۋىسى بولغان ھەش-
رەت ئارامباغنىڭ يولىغا قاراپ بوراندەك ئۇچتى. بىر جايغا كې-
لىپ بىھوش ياتقان بىر ئادەمزاتنى كوردى. ئۇ ئادەمزاتنىڭ
ئالدىدىكى ئالتۇن قەپەزدە بۇلبۇلگويا سايراپ تۇراتتى. دىۋە
ھەشرەت شۇ ھامان بۇ ئەھۋالنى ھور زەپىرانغا مەلۇم قىلدى.
ھور زەپىران: ”بۇلبۇلگويانى ئوغرىلىغان بۇ ئادەمزاتنى يەتتە
قات كوك قەھرىدىن يەرگە تاشلىۋېتىڭلار“ — دەپ پەرمان بەر-
دى. دىۋە ھەشرەت ھەمراجاننى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

دېۋە قەقنۇس بۇ ئەھۋالنى كورۇپ دېۋە ھەشرەتنى قوغلاپ ئاسمانغا كوتىرىلدى. ئۇلار كوكتە شۇنداق جەڭ قىلدىكى؛ يەر ۋە ئاسمان تەۋرەپ كەتتى. ھەمراجان دېۋە ھەشرەتنىڭ قولىدىن ئاجراپ كېتىپ يەرگە قاراپ مۇئەللەق موللاق ئاتتى. ئۇ ئوزىگە مەدەت تىلەپ مۇناجات ئېيتتى:

قارا تۇپراق ئالۋاستىدەك يۇتماقچى بولدى،
ئارزۇ گۈلۈم چىچەك ئاچماي ئەلەمدە سولدى.
خەستە جانىم پايانى يوق غەملەرگە تولدى،
بۇگۈن ماڭا مەدەت بىرەر كۈنۈڭدۇر.

بارچىمىزنىڭ ئاتاسىدۇر ئادىمى نەبى
ھەمرا قۇلنىڭ پىرىدۇر ھەزرىتى ئېلى،
كوردۇڭمۇ سەن ھالىم نىچۇك ھورلىقا پەرى
بۇگۈن ماڭا مەدەت بىرەر كۈنۈڭدۇر.

بەرسە ئەگەر بىر جۇپ قانات شۇڭقار بولاتتىم،
قەقنۇستەك كوك قەھرىدە پەرۋاز قىلاتتىم.
مەھكۇم قۇشلار قەپىزىنى قويماي چاقاتتىم،
بۇگۈن ماڭا مەدەت بىرەر كۈنۈڭدۇر.

ئەلقىسسە، ئەمدى سوزنى ھورلىقاخاندىن ئاڭلايلى: ھورلىقا ھەمراجاننى كۇتۇپ تاقىتى تاق بولدى. كوڭلىگە غەيرى گۇمان چۈشتى. دەرھال قۇرئانداز لىرىنى چاقىرىپ: "ئەي مۇنەججىملەر، ھەمراجانىم ھىلىغىچە كەلمىدى، كوڭلۈم غەش تۇرىدۇ.

بىر قۇرئە تاشلاپ بېقىڭلار" — دېدى. قۇرئاندازلار قۇرئەنى كې-تاپلىرىنى ئېچىپ: "ئەي مەلىكە، جاھان يارىڭىز ئاسمان بىلەن يەرنىڭ ئارىلىقىدا ئەسمەجان چۈشۈپ كېتىپ بارىدۇ" — دېدى. ھورلىقا بۇنى ئاڭلاپ دەرھال شۇڭقارغا ئايلىنىپ كۆككە پەرۋاز قىلدى. كۆردىكى ھەمراجان يەرگە قاراپ مۇئەللەق چۈ-شۈپ كېتىپ بارغىدەك. ھورلىقا چەبدەسلىك بىلەن ھەمراجاننى تۇتۇۋېلىپ خەتەردىن قۇتقازدى. ھەمراجان تېخىچە بىھوش ئىدى. ھورلىقا نەچچە، نەچچە دورىلارنى ئىشلەتتى، ھېچقايسىسى شىپا بەرمىدى. ئاخىرى خاسىيەتلىك رومالىنى ھەمرانىڭ يۈزىگە يېپىپ قويۇپ، خۇن-جىگەرىدىن ئىسەنلىك تىلەپ مۇناجات ئېيتقىنى:

قارا كۆڭلەر چۈشتى مېنىڭ بېشىمغا،
نەزەر ئەيلەپ قۇتقازغىن دەپ يىغلايمەن.
ئەگەر مېنىڭ مۇرادىمنى بەرمىسەڭ،
بۇ جېنىمنى تېز ئالغىن دەپ يىغلايمەن.

ئىشق ئوتىدا يۈرەك باغرىم كۆل بولدى،
ھەمراجانىم قېنى سەن دەپ يىغلايمەن.
تەتۈر پەلەك يارنى بىھوش ئەيلىدى،
ھەمراجانغا شىپا بەر دەپ يىغلايمەن.

قۇرئاندازلار قۇرئە ئېچىپ بېقىڭلار،
ھەمراجانغا جاننى پىدا ئېتىڭلار.
يۈرەك-باغرىم ئېلىپ ئاگا قېقىڭلار،
ھەمراجانغا شىپا بەر دەپ يىغلايمەن.

كىچۇك يارىم كوكتىن موللاق ئاتارسەن،
ئەقلى ـ ھۇشۇم ئېلىپ ئۇتقا سالارسەن.
بىھۇش بولۇپ يۈرىگىمنى تىلارسەن،
ھەمراجانغا شىپا بەر دەپ يىغلايمەن.

قابا پەلەك چەرخىن چەپكە ئۇرغاندۇر،
بۇلبۇلگويا ھازىر قايدا تۇرغاندۇر.
بىلەلمىدىم يار قاناتى سۇنغاندۇر،
ھەمراجانغا شىپا بەر دەپ يىغلايمەن.

ھورلىقا دەر بەختىم مېنىڭ قارادۇر،
ئىشق دەردىدە يۈرەك باغرىم يارادۇر،
يار بىلەن تەڭ جېنىم چىقسا راۋادۇر،
ھەمراجانغا شىپا بەر دەپ يىغلايمەن.

ئەلقىسسە، ھورلىقا ھەمراجاننىڭ بېشىنى تىزىغا قويۇپ يۈزىگە تەلمۈرۈپ ئولتۇراتتى، شۇ ئەسنادا كويىقاپ تەرەپتىن مەيىن شامال چىقىپ ھەمراجاننىڭ يۈزىدىكى رومالنى سىپاپ ئۆتتى. ھەمراجان ئاستا بېشىنى كوتەردى، ھورلىقاغا قاراپ "ئەجەپ كوپ ئۇخلاپ كېتىپتىمەن، ھە" — دېدى. ھورلىقا: "ئەي جېنىمنىڭ جانانىسى، يۈرىگىمنىڭ سەكپارىسى، ئۇخلىغىنىڭىز يوق" — دەپ ۋەقەنى بىر ـ بىر بايان قىلدى. ئارقىدىن ھورلىقا ئاسمانغا قارىۋىدى، دىۋە ققنۇس بىلەن دىۋە ھەشرەت تېخىچە قاتتىق جەڭ قىلىۋاتاتتى، ئۇگايلىقچە بۇلبۇلگويانى ئېلىپشىنىڭ مۇمكىنچىلىگى يوقلۇقىنى سېزىپ، بىر تال چېچىنى كويدۇرگەن ئە-

دى، باغ ئارامدىكى بارلىق دىۋە-پەرىلەر ھازىر بولدى. ئاق-غىچە ھورزەپەرانىڭ نەچچە مىڭ دىۋىلەرگە باش بولۇپ، سەپ تارتىپ كەلدى. ھورلىقا ئىگىچىسى ھورزەپەران بىلەن ئۇچرى-شىپ جەڭ كىلىشمى تۈزدى. ھورلىقا ئېيتتىكى: "ئەگەر مەن يېڭىلسەم پۈتۈن ئېلىم بىلەن زاتىڭغا كىرىپ ساڭا ئەل بولـ-مەن، سەن يېڭىلسەڭ، بۇلبۇلگويانى ئۆز قولۇڭ بىلەن بىزگە تەقدىم قىلىسەن" — دېدى. ھورزەپەران ماقۇل بولدى. شۇنىڭ بىلەن شۇنداق جەڭ باشلاندىكى، ئاسمان مالايىكلىرى قورقىنى-دىن ئۆزىنى يوشۇرىدىغان جاي تاپالماي قالدى. 7 كېچە-كۈن-دۈز توختىماي ئۇرۇشۇپ ھورلىقا غالىپ كەلدى. ھور زەپەران-نىڭ دىۋىلىرىنى شۇنداق ئۇردىكى، ئۇلارنىڭ بېشى ئاسمانغا مىخلىنىپ قېلىپ، تېنى يەرگە پاتتى. ھور زەپەران ساغداقىنى بوينىغا ئېسىپ كېلىپ ھورلىقانىڭ ئايىغىغا يىقىلدى.

ئېيتتىكى: "ئەي سىڭلىم بىر ئادەمراتنى دەپ مېنىڭ شۇنچە كوپ ئىممەتلىرىمنى قەتلى قىلامسەن؟" — دېدى. ھورلىقا ئېيت-تىكى: "ناۋادا ھەمراجاننى بىر كورسەڭ شۇ چاغدا چۈشىنەر ئە-دىڭ" — دېدى. ھورزەپەران: "شۇل يارىڭنى ماڭا بىر كورسەت-كىن، سېنى جىمىكى ئىممەتلىرىڭ بىلەن قوشۇپ باغ سىمەندە زىياپەتكە تەكلىپ قىلىمەن" — دېدى. ھورلىقا ئىگىچىسى ھور زەپەرانىڭ لەۋزى بويىچە ئۇرۇشنى توختىتىشقا پەرمان چۈشۈر-دى. ھورزەپەران ھەمراجاننى بىر كورۇپلا يۈرىگىدە ئىشتى-ياق پەيدا بولدى. ئىشق ئوتى يۈرىگىگە پېتىپ تاشتەك قې-تىپ قالدى. ھورلىقا بىلەن ھەمراجان ئۇزلىرىنىڭ تاماشىسى بىلەن بەنت ئىدى. ھورزەپەران بىتاقەت بولۇپ ھورلىقانىڭ ئالدىغا بېرىپ يالۋۇرۇپ بىر سوز ئېيتقىنى:

بويۇڭدىن ئۈزگىلەي ھورلىقا جانىم،
ھەمراجاننى ماڭا بەرسەڭ نىم بولغاي.
قۇربان بولسۇن ئاڭا جانۇ ـ جاھانىم،
شۇل يارىڭنى ماڭا بەرسەڭ نىم بولغاي.

جىمىكى غەزىنەم ھەدىيە بولسۇن،
گويا قۇش قولۇڭدا خۇش ناۋا قىلسۇن.
باغ سىمەن پۇقراسى سېنى شاھ بىلسۇن،
ھەمراجانىڭنى بەرسەڭ نىم بولغاي.

ئەلقىسسە، ھورزەپىران ھەمراجاننىڭ ھوسنى ـ جامالىغا تويماي قارىدى. ھورلىقانىڭ ئايىغىغا باش قويۇپ: "ئەگەر ھەمرانى ماڭا بەرسەڭ ھازىرلا ئالدىڭدا جان بېرىشكە رازىمەن" — دەپ قاتتىق شەرت قىلدى. قاراپمۇ قويمىغان ھەمراغا نالە ـ پەريات قىلىپ بىر سوز ئېيتقىنى:

ھەمرا جانىم سېنى كورمەك بارمىكىن؟
ساڭا پەقەت ھورلىقالا يارمىكىن؟
ئىشقىڭ بېغى پېقىرىڭغا تارمىكىن؟
ئايادىناي مەن قارا نەركەس كوزۇڭدىن.

سېنى كورۇپ ئەقلى ـ ھوشۇم كېتىپتۇر،
شىرىن جانىم ھەلقۇمىغا يېتىپتۇر،
كاتىپلىرى ئىشقىنى شۇنداق پۈتۈپتۇر،
ئايلىناي مەن قارا نەركەس كوزۇڭدىن.

رەھىم ئەيلە، ھەمرا مېنىڭ جانىمسەن،
باغ سىمەندە تولغان قىزىل نارىمسەن،
ئالەمدىكى ئېسىل گوھەر نانىمسەن
ئايلىناي مەن قارا نەركەس كوزۇڭدىن.

ئەلقىسسە، ھەمراجان بۇ نەزمىنى ئاڭلاپ قاتتىق رەنجىدى. ھورلىقاغا ئىلتىماس قىلدىكى: "ئىگىچىڭىز نومۇسنى بىلمەيدىكەن، بۇ ماكاندىن تېز كېتەيلى، مېنىڭ ھورزەپىرانىغا قارار كوزۇم يوق" — دىدى. غەزەپلەنگەن ھورلىقانىڭ ھورزەپىرانىغا بىر سوز ئېيتقىنى:

ھەمرايىمنى ئاپا ① بىرلا كورۇپسەن،
ئەقلى ھوشۇڭ، ئوز مەيلىڭنى بېرىپسەن،
ئاپا شۇنداق يامان كۇنگە قېلىپسەن،
بۇ سەۋدادا ئەمدى يىغلاپ ئولەرسەن.

ئىشق يولىدا نەرقى ھاۋا بولارمۇ؟
شەرىئەتمۇ ئۇنى راۋا كورەرمۇ؟
ۋاپا ئەھلى بولەك جاننى سويەرمۇ؟
ياندىشىمغىن يارىمغا بىشىك كېسەرمەن.

ئەلقىسسە، ھورلىقانىڭ سوزىنى ھورزەپىران قوبۇل ئالماي كوپ ماجرا بولدى. ھورلىقا: "ئۇنداق بولسا شەرىئەتتىن يول تاپ-قىن" — دىدى. ھورزەپىران يول تاپماق بولۇپ كويىقاپ شەھ-

① ئاپا — ئاچا مەنىسىدە.

يردىكى نامدار قازىنى تەكلىپ قىلدى. قازى كەلگىچە هورلىقاغا خوشامەت ئەيلەپ، ئۇلارنى چوڭ مېھماندارچىلىقا تەكلىپ قىلدى. تۈرلۈك - تۈمەن نازۇ - نېمەتلەر، قەنت - گېزەكلەر، مەي - شاراپلار تەييارلىدى. سازەندىلەر قالۇن، غىجەك، راۋاپ، دۇتار، تەمبۇر، ساتار باللىمانلىرىنى كوتىرىپ كېلىپ مۇقامغا سازلىدى. نازىنىن پەرىلەر ئالتۇن گەردىشلەرگە رۇم شارابىنى تولدۇرۇپ تەكەللۇپ بىلەن هورلىقا بىلەن هەمراغا سۇندى. شۇل سائەتتە قازى يېتىپ كەلدى. هورزەپىران قازىغا تازىم بەجا كەلتۈرۈپ، ئۇنى خىلۋەت جايغا باشلاپ بىر سوز ئېيتقىنى:

بۇيۇكدىن ئورگىلەي گۇل يۈزلۈك قازى،
بۇگۇن بىزگە نىكا بولسۇن دىگەيسەن.
قۇلاق سېلىپ ئاڭلا مېنىڭ ئاھىمنى،
بۇگۇن بىزگە نىكا بولسۇن دىگەيسەن.

ئادەمزات زاتىدىن هەمرا كېلىپتۇر،
ئەقلى - هوشۇم مەيلىمنى قويماي ئېلىپتۇر.
سىزگە بۇگۇن بىر تىلەگىم بولۇپتۇر،
بۇگۇن بىزگە نىكا بولسۇن دىگەيسەن.

قىرىق مىڭ ئات بېرىمەن تىللا ئىگەرلىك،
قىرىق مىڭ قۇل بېرىمەن زەررىن كەمەرلىك،
قىرىق مىڭ قۇش بېرىمەن تورپە جىگەرلىك،
بۇگۇن بىزگە نىكا بولسۇن دىگەيسەن.

ئومۇرۋايەت تەييارمەن خىزمەتلىرىڭگە،
ھەرنە دىسەڭ باش ئىگەرمەن بارچە ئەمرىڭگە،
ئارام ئىستە، ئېرسەڭ تارتقان جەۋرىمگە
بۇگۇن بىزگە نىكا بولسۇن دىگەيسەن.

ھەمرا ھوسنى ھور غىلماندىن يىگانە،
ئۇ شاھ ئېرسە، بولدۇم مەن بىر دىۋانە،
جاۋاۋىڭنى بەرگىل قازىم مەردانە،
بۇگۇن بىزگە نىكا بولسۇن دىگەيسەن.

ئەلقىسسە، قازى ئېيتتىكى: — ئەسلىدە ئىككى قېرىنداش بىر ئەر نىكايىغا جايىز ئەمەس. مەگەرچەندىكى مېنىڭ شەرتىمگە كونسەڭ. شەرتەتتىن يولنى تېپىپ بېرۇرمەن، — دىدى. ھورزەپەران بۇ يولدا ھەرقانداقكى شەرت بولسا قوبۇلغا تەييارلىغىنى بىلدۇردى. نائىنساپ قازى ئېيتتىكى: ”بىر خۇرجۇن كۇمۇشتىن باشقا مېنى قانغىچە بوسە قىلدۇر“ — دىدى. ھورزەپەران نا ئىلاج ئىككى مەڭزىدىن ئوتتۇز بوسە بەردى. ھورلىقا ئىگىچىسى بىلەن قازىنىڭ خىلۋەت جايدا ئىشرەت قىلىۋاتقانلىغىنى بىلىپ قالدى. بىر ھازادىن كېيىن قازى كىتاۋىنى كوتىرىپ ھورزەپەرانىنىڭ ھەمرالىغىدا ھورلىقانىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلدى. ھورزەپەران ئېيتتىكى: ”نىكاغا يول تاپتىم، مانا قازىنىڭ كىتاۋىنى ئاڭلاڭ“ — دەپ گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى. ھورلىقا قازىنىڭ كوزىگە نەشتەردەك سانچىلىپ بىر قارىغان ئىدى، قازى نىمە دىيىشنى بىلەلمەي قېتىپ قالدى. ھورلىقانىڭ قازىغا قاراپ بىرسوز ئېيتقىنى:

خوش كېلىپسەن قازى بىزنىڭ ئارىغا،
ئاقىل بولساڭ مەزۇر بولما پارىغا.
پارا بىلەن يۈز بويىما قارىغا،
راستىن ئېيتقىل قازى ئۆلۈم باردۇر بىر كۈن.

ھەقنى جاۋاپ بەرسەڭ سېنى سوكمەسمەن،
يولۇڭ توساپ كاللاڭنىمۇ كەسمەسمەن،
بېشىڭنى ھەم ئىبرەت ئۈچۈن ئاسماسمەن،
راستىن ئېيتقىل، يالغان ئېيتساڭ ئۆلەرسەن.

قازى سېنى بۈگۈن خۇدا ئۇرغاندۇر،
شۇم پەيلىڭنى ھەممە كورۇپ تۇرغاندۇر.
پەيمانىڭمۇ ئەمدى تولۇق تولغاندۇر
راست جاۋاپ بەر قازى ئەمدى ئۆلەرسەن.

ئەلقىسسە، قازى ئاغزىنى مىدىرلىتالمىدى. ئىنكا راۋا دىسە، پارا ھىساۋىغا شەرىئەت يولىنى خار ئەتتىڭ دەپ ھورلىسقا جا-زالايدۇ، "ئىنكا بىراۋا" دىسە ھورزەپىرائىغا بەرگەن ۋەدىسىگە خىلاپ، تېخىمۇ يامان كۆنگە قالىدۇ. ئويلاپ-ئويلاپ قازى ھىچ يول تاپالمىدى، يا ئاغزىنى ئاچالمىدى. ھورزەپىران دەر غەزەپ بولۇپ قازىدىن: "ئىنكاغا يول بارمۇ-يوقمۇ؟" دەپ تەكرا سورىغان ئىدى، قازى ئۆزى سىزمىگەن ھالدا بېشىنى چايقى-دى. ھورزەپىران ھۇشىنى يوقاتقان ھالدا قىلىچىنى سۇغاردى. باغ سىمەن ئىچىدە قازىنى قوغلاپ يۈرۈپ بىر سۆز ئېيتقىنى:

ماڭا شۇنچە ۋەدە بەردىڭ،
كەل جاۋاۋىڭ بەرگىل قازى.
باغىم ئىچرە گۇلنى تەردىڭ
كەل جاۋاۋىڭ بەرگىل قازى.

چىقارغايمەن تىك مۇنارە،
قىلغۇم سېنى پارە-پارە،
يۈزلىرىڭگە سۇرتەي قارە،
كەل جاۋاۋىڭ بەرگىل قازى.

هور زەپىران باغرى زارە،
كومۇلسۇن ئۇ چول-دەشت ئارە،
قىزىڭ مەندەك بولسۇن پارە،
كەل جاۋاۋىڭ بەرگىل قازى.

ئېشەك قازى، توڭغۇز قازى،
دىلى قارا قوڭغۇز قازى،
جانىمغا قەست قىلغۇر قازى،
كەل جاۋاۋىڭ بەرگىل قازى.

ئەلقىسسە، هورلىقا قازىنىڭ بىر قوشۇق قېنىنى تىلەپ، ئۇنى ئولتۇرۇشكە يول قويمىدى. هورزەپىران ئەلىمگە چىدىدىماي خۇن بولۇپ قايتىپ كەتتى. بىر ئازدىن كېيىن هورزەپىراننىڭ هوزۇرىدىن قىيا-چىيا كوتىرىلدى. ئايان بولدىكىم، ئۇنىڭغا ئەجەل يەتتى.

ئەلقىسسە، ھەمراجان بۇلبۇلگويانى قولىغا قوندۇرۇپ ھورلىقا بىلەن باغ ئارامغا قايتىپ كەلدى. شۇندىن سوڭ ھورلىقاغا: "ئەمدى ئىجازەت بەرسىڭىز، بۇلبۇلگويانى ئاتامغا يەتكۈزۈپ بېرىپ قايتىپ كەلسەم" — دېدى. ھورلىقانىڭ جاۋاۋەن بىر سوز ئېيتقىنى:

مۇندىن كېتەر بولساڭ قايتىپ يۇرتۇڭغا،
ھەمرا سېنى بىر ئاللاغا تاپشۇردۇم.
ۋەدىمىزگە سەن ئوزەڭ قىلغايسەن ۋاپا
ھەمرا سېنى بىر ئاللاغا تاپشۇردۇم.

ھەمرا:

يارىم مېنى كەتتى دەپ مالال بولمىغىل،
چىن سوزۈڭنى ماڭا ھەردەم يوللىغىل،
ۋەدىمىزنى سەنمۇ بەربات قىلمىغىل،
پات كېلۇرمەن پەرىزادىم ياخشى قال.

ھورلىقا:

مۇندىن كېتەر بولساڭ تاغلار تۇماندۇر
جامالىڭ مۇرادىم ئاررزۇ-ئارماندۇر.
بۈگۈن جۇدالىقتۇر، ئاخىر زاماندۇر،
ھەمرا سېنى بىر ئاللاغا تاپشۇردۇم.

ھەمرا:

مەن بارارمەن ئەمدى ئانا يۇرتۇمغا،
تېز كېلۇرمەن پەرىزادىم ياخشى قال.

ساداقەتلىك ئىشەنچىم بار سوزۈڭگە
تېز كېلۈرمەن پەرىزادىم ياخشى قال.

هورلىقا:

چەكتىم سېنىڭ جەۋرە بىرلەن جاپايىڭ،
سۈرەلمىدىم شەۋقى-كەيپى ساپايىڭ،
يادىمىدىدۇر خۇلقى جانان ۋاپايىڭ
ھەمرا سېنى بىر ئاللاغا تاپشۇردۇم.

ھەمرا:

سەندەك جانانىمدىن جۇدا بولغۇنچە،
ئۆلگۈنۈم ياخشىدۇر تىرىك يۈرگۈنچە،
بىناقەتلىك قىلما، قايتىپ كەلگۈنچە.
تېز كېلۈرمەن پەرىزادىم ياخشى قال.

هورلىقا:

كېتەرمەن دەپ ھەمرا جاننى ئالۇرسەن،
بۇگۈن كەتسەڭ قاچان قايتىپ كېلۈرسەن،
ئوز يۈرتۈڭنى بەلكىم ماكان قىلۇرسەن،
ھەمرا سېنى بىر ئاللاغا تاپشۇردۇم.

ھەمرا:

مېنى كەتتى دىبان كوزۈڭ ياشلىما،
ئۈمىدىڭ رىشتىسىن ئۈزۈپ تاشلىما،
كەلسە ھەر بالاكى ئىچىڭ ئاشلىما،
تېز كېلۈرمەن پەرىزادىم ياخشى قال.

هورلىقا:

كېتەر بولساڭ رەقىپ يەنە ئاگاھدۇر،
ساياڭ كەبى ئەگىشىپ سېنى تاپادۇر.
چۈنكى دۈشمەنلەرنىڭ دىلى قارادۇر،
ھەمرا سېنى بىر ئاللاغا تاپشۇردۇم.

ھەمرا:

تەشۋىشىم يوق قالسام غار، ساي ئىچىدە،
كۆڭلۈم ھامان باغۇ-ساراي ئىچىدە،
مەن كېلۇرمەن يەنە ئۈچ ئاي ئىچىدە
سەبىردىجانىم، پەرىزادىم ياخشى قال.

ھورلىقا:

ئۈشبۇ ئۈچ ئاي ماڭا ئۈچ يىل بىلىنەر،
كەڭرى ئالەم تار قەپەزدەك كورۇنەر،
ھەر كۈنۈم ھەم ئايدەك يىلغا ئىلىنەر
ھەمرا سېنى بىر ئاللاغا تاپشۇردۇم.

ئەلقىسسە، ھورلىقا ھەمراجان بىلەن خوشلىشىش ئالدىدا: — ئى ھەمرا جانىم! سېنى دەپ دوست-دۈشمەنگە ئاشكارا بولدۇم. ھەتتا ئىگىچىمنىڭمۇ رەقىبى بولۇپ قالدىم. يەنە كېتمەن دەۋاتىسەن. ئىرادەڭدىن ياندۇرۇشقا ئاجىز كەلدىم، — دەپ يىغلاپ بىر سوز ئېيتقىنى:

ھەمراجانىم سېنىڭ بىرلە ئەھدەم بار،
ئۈچ ئايغىچە سەۋرەم بىرلە جەۋرەم بار،

گەر كەلمىسەڭ يول ئۈستىدە قەۋرەم بار،
بارغىن سېنى بىر ئاللاغا تاپشۇردۇم.

كېتەر ئېرسەڭ زۇلپىڭنى ئىزلەرمەن،
چۆللەر كېزىپ، تاغلار ئېشىپ تېزلەرمەن.
خەنجەر ئېلىپ رەقىپ باغرىن تۈزلەرمەن،
بارغىن جانىم، بىر ئاللاغا تاپشۇردۇم.

ئەلقىسسە، ھەمراجان ھورلىقانىڭ كوڭلىنى بەزلىدي: "ئەي مېنىڭ جانانىم كوڭلۇڭنى پىرىم قىلما، مېنىڭ ئىمىشقا قايتىدىغانلىغىم ساڭا ئايان. ساڭا بولغان ئىشقىمنى يەنە تەكرار قىلاي بايان" — دەپ بىر سوز ئېيتقىنى:

بىلىق كەبى ئۈزدۇم ۋاپا سۈيىگدە،
ھوزۇر ئالدىم ئارام بىغىڭ - ئۈيۈگدە،
چاراگلىدىم سېنىڭ نەزمە - كۈيۈگدە،
ئىچۈك ئۈنتاي پەرىزادىم ياخشى قال.

قادىر ئاللا سېنى ماڭا قوشقاندۇر،
مۇھەببەتنىڭ جامى شۇندىن توشقاندۇر،
تىلەكلىرىم سەندە چىچەك ئاچقاندۇر،
رەۋاندەك ئايلىنارىم ياخشى قال.

ئەلقىسسە، ھورلىقا ھەمراجانغا ئىجازەت بېرىپ ئېيتتىنكى: "ناۋادا بېشىڭغا بىرەر كۈن چۈشۈپ، بىرەر مۈشكۈلاتقا دۇچار بولساڭ مۈشۇ بىر تال چېچىمنىغا ئوت ياق-

قىن، مەن شۇئان يېنىڭدا ھازىر بولارمەن“ — دەپ بىر تال چىچىنى بەردى. دىۋە قەقنۇسنى چاقىرىپ، ھەمراجاننى جايىغا يەتكۈزۈپ قويۇشنى تەيىنلىدى. دىۋە قەقنۇس ھەمراجان بىلەن بۇلبۇلگويانى كوتىرىپ يولغا راۋان بولدى. بىرنەچچە سائەت ئىچىدىلا ئىككى ئاكىسى بىلەن جۇدالاشقان ئۈچ ئاچا يولنىڭ بەنتىگە كېلىپ يەتتى. ھەمرا ئېيتتىكى: ”مېنىڭ ئىككى قېرىندىشىم مۇشۇ ئىككى يولغا كىرىپ كەتكەن، مەن ئۇلاردىن خەۋەر ئالاي، سەن ئەمدى ئۆز ماكانىڭغا قايت“ — دېدى. دىۋە قەقنۇس قايتتى. ھەمراجان بۇلبۇلگويانى كوتىرىپ ئاكىلىرى كەتكەن يولدىن راۋان بولدى.

ئەمدى بىر كەلىمە سوزنى ئاكىلىرىدىن ئاڭلايلى: ھەمراجاننىڭ ئىككى ئاكىسى ئانچەن يول يۈرۈپ ھىچ نەرسىگە ئۇلىشالماي ئاقىۋەت بىر شەھەردە ئۇچراشتى. ئۇلار بۇ يەردە بىرقانچە ۋاقىت كەيىپ-ساپا قىلىپ يۈردى. ئاخىرى بىساتىدا بارى تۈگەپ قىيىن كۈنلەردە نىمە قىلىشنى بىلمەي قالدى. جان ساقلاش كويىدا ئەستەرشاھ بىر ئاشپەزدە ئوچاقىقا ئوت قالاشقا، نۇردۇنشاھ يۇندىكارلىق قىلىشقا باشلىدى.

ھەمراجانمۇ ئاكىلىرىنى كوپ ئىزلەپ ئاقىۋەت مۇشۇ شەھەرگە كېلىپ قالدى. شەھەرنىڭ جىمىكى بۇلۇڭ-پۇشقاقلىرىنى كەزدى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاشپەزنىڭ دۇكىنى ئالدىغا كەلگەندە كوردىكى: ئاكىلىرى جۇل-جۇل ھالەتتە يۇندىغا مىلىنىپ ئىشلەۋاتقان ئىكەن. ھەمراجان كورۇپلا تونۇدى ۋە خالى بىر جايغا بىرىپ سەرپايلىرىنى ئالماشتۇرۇپ ھىلىقى ئاشخانىغا كەلدى. بىر تىللانى تاشلاپ ئاشخانا خوجايىنىدىن ئاشۇ ئىككى شاگىرتتىن تاماق يەتكۈزۈپ بىرىشنى تەلەپ قىلدى. ھايال

ئوتمەي ھەمراجاننىڭ تەلىۋى بەجا بولدى.

ھەمرا ئېيتتىكى:

— ئى يىگىتلەر، سىلەرمۇ ئولتۇرۇڭلار، بىرگە غەزەل‌ئالايلى، — دىدى.

شاگىرتلار:

— خوش تەقسىر، — دەپ تازىم بىلەن ياتماقچى بولدى. ھەمراجان ئۇلارنى توختىتىۋېلىپ سورىۋىدى، ئۇلار سەرگۈزەشتىلىرىنى بىر بىرلەپ بايان قىلدى. ھەمراجان ئۇلاردىن "ئېتىڭلار نىمە" — دەپ سورىدى.

— بىرىمىزنىڭ ئېتى ئەسقەرشاھ، بىرىمىزنىڭ نۇردۇنشاھ دەپ جاۋاپ بەردى.

ھەمراجان شۇئان نىقاۋىنى يۈزىدىن ئېلىۋىدى، ئۇلار ھاڭ ـ تاڭ بولۇشۇپ، دىڭ قېتىپ قالدى. ئۈچ قېرىنداش دىدار كورۇشتى، خوشاللىقىنىڭ پەيزىنى سۈرۈشتى. ھەمرا ئېيتتىكى: — ئەي ئاكىلار، مەن بۇلبۇلگويانى ئېلىپ كەلدىم. ئەمدى بىرلىكتە ئاتىمىز ئالدىغا قايتايلى، — دىدى. ئاشخانا خوجايىنىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئەھۋالنى بىلدۈردى. خوجايىن ئېيتتىكى: بۇلار ماڭا 80 تەڭگە قەرزدار، شۇنى تۆگەتسە قايتىدۇ" — دىدى. ھەمراجان دەرھال 80 تەڭگە چىقىرىپ خوجايىنغا بەردى. ئاكىلىرىنى قۇتۇلدۇرۇپ يولغا راۋان بولدى. ئۇلار ئۇزۇن يۈرۈپ ئۈچ ئاچا يولنىڭ بېشىغا كەلدى. ھەمراجان ئېيتتىكى: "ئەي ئاكىلار، بىردەم ئارام ئالساق قانداق دەيسىلەر؟" — دىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر چاھ① نىڭ يېنىدا ئارام ئېلىشتى. ھارغان ھەمراجاننىڭ كوزى ئۇيقۇغا كەتتى. ئىككى ئاكىسى "مەسلىھەت" قىلىشتى، ئەسقەرشاھ ئېيتتىكى: "بىز قايسى يۈزىمىز بىلەن ئاتىمىزنىڭ ئالدىغا بارىمىز؟

① چاھ — قۇدۇق.

بۇلبۇلگويانى ھەمرا تېپىپتۇ، سىلەر چوڭ تۇرۇپ نىمە قىلدىڭلار؟“ دېسە، ئۇيات ئەمەسمۇ؟ ياخشىسى ھەمرانىڭ ئىككى كوزىنى ئويۇپ، چاھقا تاشلىۋېتەيلى ـ دە، بۇلبۇلگويانى ئىككىمىز تاپتۇق دەپ ئاتىمىزنىڭ ئىنئامىغا ئېرىشەيلى“ — دېدى. نۇردۇنشاھمۇ ماقۇل بولدى. ئۇلار شۇنداق قىلىشتى. ھەمراجاننىڭ ئىككى كوزىنى ئويۇپ، بۇلبۇلگوياغا تاشلاپ بەردى. ئاندىن ئۇنىڭ ئوزىنى چاھقا تاشلىۋەتتى. شۇ چاغدا ھەمراجاننىڭ ئاكىلىرىغا چەكسىز غەزەپلىنىپ بىر سوز ئېيتقىنى:

بۇندىن كېتەر بولدۇڭ زالىم ئاغىلار،
ئەھۋالىمنى سورىغانغا يامان دىگەيسەن.
يالغۇز ھەمرا قالدى چاھنىڭ ئىچىدە
ئولگىنى يوق تېخى ئامان دىگەيسەن.

تۇگىمەس سەۋداغا قالدى بۇ بېشىم،
زەھەر زۇقۇمدۇر نان بىلەن ئېشىم،
كوزۇمنى ئويدىلەر ئوز قېرىندىشىم،
ئىلپەتدىشى يىلان ـ چايان دىگەيسەن.

بەللىرىگە ھىممەت كەمەر باغلىغان،
پىراق ئۇچۇن سىنەلىرىن داغلىغان.
كەلمىدى دەپ يولغا قاراپ زارلىغان،
شاھى خىسراۋ ئاتامغا سالام دىگەيسەن،

كىمگە ئېيتاي يۇرەك تولغان كوپ داغىم،
مۇرادىمغا يەتمەي ئوچتى چىراغىم.

گۈلخان بولۇپ تەندە ياندى پىراغىم،
جانىجانىم ئانامغا سالام دېگەيسەن.

بىر ھۇجۇتتىن چىققان ئىككى قېرىنداش،
بېرەلمىدى سىناق يولىدا بەرداش.
چاھ ئىچىدە يالغۇز قالدى مۇڭلۇق باش،
گۈلچەمىلە سىڭلىمغا سالام دېگەيسەن.

بۇ شۇم خەۋەر قاچان يەتكەي يارىمغا،
ئۇنى كۆرگەن كۆزۈم چۈشتى يادىمغا،
ئۇچۇپ كېلىپ يېتەر بولسا دادىمغا،
چاھتا قالدى مېنى سەرسان دېگەيسەن.

ئاگا يەتسۇن ھەمرا قۇلۇق تىلىگى،
غېرىپلىقتا كۆيدى جىگەر، يۈرىگى،
كۆزۈمنى ئويدىلەر پۈتتى كۆرىگى،
ھەقتىن سورار گوھىرى ئىنسان دېگەيسەن.

ئەلقىسسە، ئەسقەرشاھ بىلەن نۇردۇنشاھ ھەمراجاننىڭ قالىسىگە پەرۋا قىلماي بۇلبۇلگويانى ئېلىپ ئۆز يولىغا چۈشتى. نەچچە كۈنلەر كېيىن ئاتىسى بىلەن دىدار كۆرۈشتى. ئاتىسى "ھەمرا قېنى؟" — دەپ سورىدى. ئۇلار: "ھەمرا بىزگە ئەگەشمەي 'بارسا كەلمەس' يولىغا كىرگەن ئىدى، ھىچيەردىن ئىز - دېرىكى بولمىدى" — دېدى. شۇندىن كېيىن شاھ ئوغلى ھەمراجاننىڭ پىراقىدا سىنەلىرىنى يارا قىلدى. ئاندىن بۇلبۇلگوياغا قاراپ: "سېنىڭ غايىۋان پىراقىڭدا جىسمىم كۆيۈپ كۆل بولدى. ۋىسالىڭ يولىدا جاندىن ئەزىز ئوغلۇمدىن ئايرىلدىم. ئەمدى بىر

زىبان سۇرۇپ، مىسكىن كوڭلۇمگە تەسەللى ـ خاتىرە بەرسەڭ“ — دەپ مۇراجەت قىلدى. خامۇشلانغان بۇلبۇلگويا پادىشاغا قاراپ ـ مۇ قويمىدى. بۇ دەرت ئۇستىگە دەرت بولدى. شۇ ئارىدا پادىشانىڭ ۋەزىرى كىلىپ بۇلبۇلگوياغا يىلىنىپ بىر سوز ئېيتقىنى:

خۇش كەلدىڭ بۇلبۇل بۇ باغ ئاراغا،
خەندان ئەيلەپ سايرىمايسەن نىم بولدى؟
خۇشتارسەنغۇ، چىمەنزارلىق باغلارغا
گۇلنى كۇيلەپ سايرىمايسەن نىم بولدى؟

ئىشقىڭدا كويۇپ شاھىم جانىدىن كەچتى،
دىلىڭدىكى تۇگۇچنى سەن بىلەن يەشتى،
سىنىڭدە قانداق سەرگۇزەشت كەشتى،
ناۋا ئەيلەپ سايرىمايسەن ساڭا نىم بولدى؟

ۋەزىر ئېيتۇر: دىلىڭ نىچۇن ئارازى،
خۇش سايرىساڭ شاھىمىز بولۇر رازى،
ھەمدەم ساڭا جىمىكى جان ئاۋازى،
رىۋايەتلەپ سايرىمايسەن نىم بولدى؟

ئەلقىسسە، بۇلبۇلگويا نالە قىلىپ: ”ئى پادىشاھ، سازەندىلەرنى جەمى قىلىڭ، بىر كەلىمە سوزۇم بار“ — دىدى. پادىشا دەرھال بەجا كەلتۇردى. بۇلبۇلگويا سازەندىلەرگە قاراپ: ”مىنىڭ نەزمەمگە بىر ساز قىلىڭلار“ — دىدى.

قۇلاق سىلىپ ئەرزىم ئاڭلا سۇلتانىم،
سەن قەدىردان گۇلزارىڭدىن ئايرىلدىڭ.
سۇلدى گۇلۇڭ ئەدى يەنە ئېچىلماس،
ئەقلى ـ ھۇشۇڭ، مادارىڭدىن ئايرىلدىڭ.

قاپ تېغىدىن مېنى مۇندا كەلتۈرگەن،
مىڭ جاپادا ھوزۇرىڭغا يەتكۈزگەن،
باشقا چۈشكەن بالالارنى كەتكۈزگەن
ۋاپادارىڭ ـ سۇلتانىڭدىن ئايرىلدىڭ.

ياخشىلىققا بىر يامانلىق كوردىلەر،
ئاكىلىرى ئىككى كوزىن ئويدىلەر،
ئىككى قولىن باغلاپ چاھقا ئاتتىلەر،
پۇتاغى يوق چىنارىڭدىن ئايرىلدىڭ.

قابا پەلەك چەرخىن چەپكە ئۇرغاندۇر،
ئىككى ئوغلۇڭ ساڭا توزاق قۇرغاندۇر،
ۋاپاسىزلار ئالداپ جاھان سورغاندۇر
ئالغۇر قۇشۇڭ ـ پەلۋانىڭدىن ئايرىلدىڭ.

بۇلبۇلگويا قۇشلارنىڭ مەن سەردارى،
قېنى ھەمرا؟ غېرىپلارنىڭ غەمخارى،
كەنجە قوزاڭ، خانىدا ئەڭ سەراسى①
ھەمرا ئاتلىغ پۇرجاپا②دىن ئايرىلدىڭ.

ئەلقىسسە، پادىشا بۇلبۇلگويادىن بۇ سوزنى ئاڭلاپ، ئەسقەر شاھ بىلەن نۇردۇنشاھقا ئېيتتىكى: "ئەي نائىنساپلار، قېرىندىشىڭلارغىمۇ شۇنچە زالىملىق قىلامسىلەر؟" — دىدى. ئۇلار ئېيتتىكى: "ئەي ئاتا، مۇشتۇمدەك جانىۋارنىڭ سوزىگە ئىشىنىپ بىزگە مۇنداق مالامەت قىلامسىز؟" — دىدى. بۇ سوزلەرنى ئاڭلاپ تۇرغان بۇلبۇلگويا: "ئىشەنمىسەڭلا يۇرۇڭلار، مەن ھەمرانى تاشلىغان چاھقا

① سەراسى — سەر خىلى، ئىسلى، ئەركىسى.
② پۇرجاپا — جاپانى يەڭگۈچى.

باشلاپ باراي" — دىدى. پادىشا بۇلبۇلگوياننىڭ ئارقىسىدىن زار-زار يىغلاپ مېڭىپ بىر سوز ئېيتقىنى:

تىنمايىن پەريادى ئەتسەم مەن تاپارمەنمۇ سېنى،
چاكىچاك ئەتسەم ياقامنى مەن تاپارمەنمۇ سېنى.
قايىنسام دەريا كەبى، چوللەر ئارادا زارلىسام،
قەقنۇستەك ئوتقا كىرسەم مەن تاپارمەنمۇ سېنى،
ئاھكى خىسراۋ مەن غېرىپ، قالدىم ئەلەمدە سارغىيىپ،
يەتتە ئىقلىمنى كېزىبان مەن تاپارمەنمۇ سېنى.

بۇلبۇلگوياغا ئەگىشىپ كېلىۋاتقان ھەمراجاننىڭ ئانىسىنىڭ بىر سوز ئېيتقىنى:

تاغلار بېشى تۇمان بولدى، بالام سەندىن ئايرىلغاچ،
يۇرەك باغرىم دەرتكە تولدى، بالام سەندىن ئايرىلغاچ،
ئىگىز دوڭلەر پاكار بولدى، بالام سەندىن ئايرىلغاچ،
شاھ يولۇڭدا چاكار بولدى، بالام سەندىن ئايرىلغاچ،
كورەر كوزۇم كورمەس بولدى، بالام سەندىن ئايرىلغاچ
بۇلبۇل زۇۋان سۇرمەس بولدى، بالام سەندىن ئايرىلغاچ.

بىزنىڭ دەۋران كېتەر بولدى، بالام سەندىن ئايرىلغاچ،
بۇ ۋەتەنلەر پۇتەر بولدى، بالام سەندىن ئايرىلغاچ.
كىيگەن تونۇم كېپەن بولدى، بالام سەندىن ئايرىلغاچ،
ئىچكەن ئېشىم زەھەر بولدى، بالام سەندىن ئايرىلغاچ
تاغدەك مۇشكۇل چۇشتى باشقا، بالام سەندىن ئايرىلغاچ.

تولدى ئىتەك ئاققان ياشقا، بالام سەندىن ئايرىلغاچ،
ئوغا چۇشتى ئىچكەن ئاشقا، بالام سەندىن ئايرىلغاچ.

مېھرىباندۇر مېنىڭ ئىنىم، بالام سەندىن ئايرىلغاچ،
يۈرەك تولغان جاراھىتىم، بالام سەندىن ئايرىلغاچ.
يەتكەيمىكىن ھەققە ئاھىم، بالام سەندىن ئايرىلغاچ،
ئەرشتىن ئاشتى قايغۇ-زارىم بالام سەندىن ئايرىلغاچ.

ھەمرانىڭ سىڭلىسى گۈلجەمىلىنىڭ بىر سوز ئېيتقىنى:

ھەسرىتىڭدىن خەستە جانىم،
دەرتكە تولدۇم جانىم ئاكا.
كەلمىدى دەپ ھەر تەرەپكە،
قارار بولدۇم جانىم ئاكا.

ھەر كۈن سېنى مىڭ ياد ئېتىپ،
سەھەرلەردە پەريات ئېتىپ.
ياقام يىرتىپ بەربات ئېتىپ،
سۈدەك ئاقار ياشىم ئاكا.

مىرغىزارلىق باغ ئارامدا،
بىر گۈلى رەنا ئىدىڭ.
بۇ جاھاننىڭ سەھنىسىدە،
گوھىرى يەكتا ئىدىڭ.

نەرەم① سوزلۈك، كەرەم② دىللىق،
شاھى سۈمبات خان ئاكام.
كېچە-كۈندۈز ئىزلىسەم،
قايدىن تاپارمەن جان ئاكام.

---

① نەرەم — يۇمشاق، مۇلايىم.

② كەرەم — سېخى.

بولمىدى ئالەمدە ھېچ،
شادىيانە كۈن - دەۋران ساڭا.
ساڭا كەلگەن شۇم قازالار،
رازىدىم كەلسە ماڭا.

ئەلقىسسە، بۇلبۇلگويا چاھنىڭ بېشىغا كېلىپ توختىدى. پۇرراپ كوزلىرى بىلەن چاھنىڭ ئىچىنى ئىشارە قىلدى. ھەمراجاننىڭ ئانىسى چوڭقۇر چاھ ئىچىگە قاراپ، مۇڭلىنىپ بىر سوز ئېيتقىنى:

بارمۇ سەن بۇ چاھ ئىچىگە مۇپتىلا بولغان بالام،
قوۋم - قېرىنداش، ئەل - يۇرتىڭدىن ھەم جۇدا بولغان بالام،
ئاھ...... قاراڭغۇ چاھ ئىچىدە نە كېچەر ھالىڭ سېنىڭ
مارگەژدۇم① زەھرى بىرلە سىنەسى تولغان بالام.
ئىنتىزار ئەيلەپ ئاتاڭ بىرلەن ئاناڭنى ئانچىنان،
ياشى ئورنىغا ھامان قانلار راۋان قىلغان بالام.
ئول يۇسۇپ - ئەخمەت② كەبى بوپسەنكى چاھقا مۇپتىلا،
قەترە - قەترە يەرگە تامغان كوزدىكى بېرىشان بالام.
ئۇشبۇ زىندان ئىچرە قالغان ئەي كوزۇمنىڭ گوھىرى،
بارمۇ سەن يا يوقمۇ سەن پەرمانە ئەتكىل جان بالام.

ئەلقىسسە، چاھ تېگىدە نىمجان ياتقان ھەمراغا بىر تونۇش ئاۋاز ئاڭلىنىپ غېرىپلىق ئەسەر قىلدى. "بۇ كىمدۇر؟" — دەپ كوڭلى دەرگۇمان بولۇپ بىر سوز ئېيتقىنى:

---

① مارگەژدۇم — يىلان، چايان ۋە باشقا زەھەرلىك قۇرۇتلار.

② يۇسۇپ - ئەخمەت — شۇ ناملىق داستاندىكى ئاكا - ئۇكا باتۇرلار.

كەمنەم كىم ئۆزۈڭ دەردىم قوزغىغان،
سەندەك ئىچۇك قېرىنداشىم بار؟
ۋاپاغا جاپانى راۋا ئەيلىگەن
سەندەك ئىچۇك قېرىنداشىم بار؟

بى ئەقىل قولىدا قانغا بويالغان،
گوھەرسىز كوزۈمدە ئاقار ياشىم بار.
ئىشتكىل خۇنۇم بار ئاكامدا مېنىڭ،
شۇل كەبى نامەرتكە رەنجىداشىم بار.

يوق ئىدى ۋەتەنگە قىلچە يامانىم
بولمىسا ئۆزگىچە، غەيرى تامانىم.
نىمىشقا چاھ بولدى ياتار ماكانىم؟
شۇل ئۈچۈن بىر ئۇمۇر دىلدا تاشىم بار.

ئەلقىسسە، گۈلجەمىلنىڭ چىپچى ئاغامچىدەك ئۆزۈن ئىدى. ئۇ چېچىنى كېسىپ ئۇلاپ چاھ ئىچىگە تاشلىدى. ھەمرا ئېسىلىپ چىقتى ۋە ھەممىسى بىلەن قۇچاقلاشتى. ھەمرا ئۇلارغا خۇن جىگەردىن بىر سوز ئېيتتى:

ئانا يۇرتتىن كەلگەن ئەزىز جانلىرىم،
خەۋەر بېرىڭ يارۇ-دوستلار ئامانمۇ؟
سايىسىگە كۈن چۈشمىگەن باغلىرىم،
گۈل-گۈلستان چىمەنزارلار ئامانمۇ؟

ئۇل نە باغدۇر ئالمىسى بار، نارى بار،
ھەر كىشىنىڭ ئۆزىگە لايىق يارى بار.

لىنچۇك مېنىڭ پېشانەمنىڭ شورى بار؟
ياردىن جۇدا چۈشكەن جايلار ئامانمۇ؟

قازى بەگلەر بىرلە شىكار چىققىنىم،
تۇلپارىمنى ھەريان-ھەريان چاپقىنىم.
ئالغۇر قۇشلار سېلىپ دابىل① قاققىنىم،
قاراڭغۇ تاغ②، دەشتى-چوللەر ئامانمۇ؟

ھېچ ھالاۋەت كورەلمىدىم ياشاشتىن
مەھرۇم بولدۇم يارغا كۆلۈپ قاراشتىن.
غاپىل دىلى بى پەرق ئىككەنغۇ تاشتىن
ھەمرا يەڭلىغ بەستەدىل③لەر ئامانمۇ؟

قاناتسىز مەن يوقتۇر ئىمكان ئۇچماققا،
بېلىق بولۇپ ئىلىندىم مەن قارماققا.
نا ئىلاجمەن يار يېنىغا بارماققا،
گۈلى ئەھمەر④ جۇنۇن يارلار ئامانمۇ؟

ئەلقىسسە، ھەمرانىڭ يادىغا ھورلىقانىڭ بىر تال چېچى چۈشتى، ئۇ، ئۇنى قوينىدىن ئېلىپ كويدۇرگەن ئىدى، شۇ ھامان كوكتە بىر غەۋغاي ئەزىم سوگرە ھورلىقا بىلەن بىرنەچچە پەرىلەر پەيدا بولدى. ھورلىقا كەلگىنىچە ئۆزىنى ھەمرانىڭ

① دابىل — توت ئاياقلىق ھايۋانلار.
② قاراڭغۇ تاغ — خوتەننىڭ جەنۇبىدىكى تاغنىڭ ئىسمى.
③ بەستە دىل — دىلى باغلانغان.
④ گۈلى ئەھمەر — خۇش پۇراق گۈل.

ئۇستىگە ئاتتى. ھەمراجان ھورلىقاخان يارىنىڭ ئاۋازىنى تونۇپ بىر سوز ئېيتقىنى:

كويىقاپتەك كۆلپەت چۈشتى بېشىمغا،
رەھىمەيلىگىل كوزدىكى قان ـ يېشىمغا،
ئەجەپ چاغدا كەلدىڭ مېنىڭ قېشىمغا،
كەل ئەمدى جانىم كەل ئەمدى

ئازاپ ئەتتى مېنىڭ مىسكىن جانىمغا،
كوزۈم ئويدى قۇلاق سالماي زارىمغا،
ئەرزىم ئېيتاي سەن ئەزىزىم يارىمغا،
كەل ئەمدى جانىم كەل ئەمدى.

ھورلىقا:

غاپىل ئەردىم ئەمدى كەلدىم قېشىڭغا،
نە سەۋدالەر چۈشتى سېنىڭ بېشىڭغا،
كىملەر سېنىڭ ئوغا سالدى ئېشىڭغا،
ئۇرگىلەي مەن قارا نەركەس كوزۈڭدىن.

قەلەم قاش دىگەن شۇنداق شەددات بولارمۇ؟
ئۇكىسىنىڭ كوزلىرىنى ئويارمۇ؟
چاھ ئىچىگە قولنى باغلاپ قويارمۇ؟
ئۇرگىلەي مەن قارا نەركەس كوزۈڭدىن.

بۇ، نە ھەسرەت، بۇ، نە كۆلپەت جانلىرىم،
بۇ، نە قايغۇ، بۇ، نە مېھنەت جانلىرىم،

ساڭا چۈشكەن بۇ، نە قىسمەت جانلىرىم،
ئايلىناي مەن قارا نەركەس كوزۇڭدىن.

ھورلىقانىڭ بەختى سەندەك قارادۇر،
ئىشقىڭ بىرلە باغرى چاك ـ چاك يارادۇر.
كورۇپ ھالىڭ جانى چىقىپ بارادۇر،
ئايلىناي مەن قارا نەركەس كوزۇڭدىن.

ئەلقىسسە، ھەمرا ئېيتتىكى: "ئەمدى كاشكى كوزۇم بولسا، خەلقىمنى ۋە سېنىڭ جامالىڭنى بىر كورسەم" — دەپ ھورلىقاغا يىغلىدى. ھورلىقاخان: "كوزۇڭنى ئويۇپ قەيەرگە تاشلىدى؟" — دەپ سورىدى. ھەمرانىڭ جاۋاۋى ئورنىغا بۇلبۇلگويا زىبان سۇرۇپ: "ماڭا تاشلاپ بەرگەن ئىدى، يۇتماي ھەلقۇمۇمدا ساقـ لاپ قويدۇم" — دەپ ھەلقۇمىدىن چىقاردى. ھورلىقا: "ئەي ھەمراجانىم، ئەمدى پەرىشان بولما" — دەپ ھەمرانىڭ كوزىگە دۇئا ئەيلەپ بىر سوز ئېيتقىنى:

قادىر ئاللا دەرگاھىڭغا سىغىندىم،
بارچە ئالەم، بارچە ئىنسان ھورمىتى،
قارا ئەيلە دۇشمەنلەرنىڭ يۇزىنى،
يەتتە قات يەر، يەتتە ئاسمان ھورمىتى.

قوبۇل ئەيلەپ ۋاپادارلار سوزىنى،
پىرى ئاشىق يۇسۇپ ـ زۇلەيخا يۇزىنى،
كىرەم قىلىپ ئاچقىل يارنىڭ كوزىنى
سەككىز جەننەت ھورى غىلمان ھورمىتى.

ئەلقىسسە، ھورلىقانىڭ مۇناجاتى توگىمەي تۇرۇپ، ھەمرا-نىڭ كوزى ئېچىلدى، ھەر تەرەپكە نۇرلار چېچىلدى. ھەمراجان ئاتا-ئانىسى، ئەل-جامائىتى بىلەن كورۇشتى. ھورلىقانى باغرىغا باستى، شۇندا ئەھلى-جامائەتكە قاراپ بىر سوز ئېيتقىنى:

ئىشق قەدرىنى بىلگەنلەر،
كېلىڭ جانلار كورۇشەيلى.
ماڭا ھەمدەم بۇرگەنلەر،
كېلىڭ جانلار كورۇشەيلى.

ئەل يۇرتىنى سۇيگەنلەر،
پەرۋانە بوپ كويگەنلەر،
ياماندىن قول ئۇزگەنلەر،
كېلىڭ جانلار كورۇشەيلى.

بۇلبۇل چەكسە ئازارى،
گۇلدىن بولەك يوق يارى،
پۇتتى ئەمدى دىل زارى،
كەل ھورلىقا كورۇشەيلى.

لەنەتلەنگەن باشلىرىڭ،
راۋاج تاپماس ئىشلىرىڭ،
باغرىڭدىمۇ تاشلىرىڭ،
كەلگىن ئاكا كورۇشەيلى.

ئەلقىسسە، شۇنىدىن سوڭ ئۇلار شەھەرگە داخىل بولدى. ھورلىقا، دىۋىلەرگە "ھەمرانىڭ ئىككى ئاكىسىنى يەتتە قات كۆك قەھرىدىن يەرگە تاشلاپ ئۆلتۈرۈڭلار" — دەپ بۇيرۇدى. ھەمراجان: "بۇلار قىلغان يامانلىقنى مەن قىلماي، نامەرتلىك قىلغىلى بولماس، مەن بۇ نوۋەت گۇناھىدىن كەچتىم" — دېدى. شۇندىن سوڭ پۈتۈن ئەھلى-جامائەتكە ھورلىقا بىلەن ھەمراجان 40 كېچە-كۈندۈز توي قىلىپ بەردى. شۇنداق قىلىپ نەچچە زاماندىن كېيىن پادىشا خىسراۋ ئالەمدىن ئۆتتى. ئەل-يۇرت پادىشا ئورنىغا ھەمرانى شاھ قىلدى. ھەمرا بىلەن ھورلىقا بىر ئۆمۈر بىرگە ياشاپ، ئەلگە ئاسايىش بەردى. خالايىق شات-خورام بولۇپ، ھورلىقانىڭ يۇرتى بىلەن ھەمرانىڭ يۇرتى ئارىسىغا دوستلۇق گۈلى تەردى.

ساداقەتكە نىشان بولۇپ شۇندىن بېرى،
ھورلىقا ھەمراجاننىڭ نامى قالدى.
شۇم نىيەت، خىيانەتكار، پەيلى ھارام،
ئەسقەرشاھ، نۇردۇنشاھدىن ساۋاق قالدى.

# غیرپ - سزہم

بارمسۇن، بالاغەتكە يەتكەن بولسا غېرىپقا بېرۇرمىز، ۋەدىمىزنىڭ ھۆددىسىنى كورۇرمىز“ دېدى. شاھنىڭ خاتۇنى خانىش ئايىم خاپا بولۇپ: ”بۇ قانداق بىنامۇسلۇق! غېرىپ دېگەن بىر ئاتىسىز يېتىم بالا، بىز شاھ نەسلى تۇرۇقلۇق يېتىم بالىغا قىز بېرەمىز-مۇ؟“ — دەپ كايىدى.

پادىشا: ”ھەسەن ۋەزىر ھاياتلىقىدا ۋەدە قىلىشقان، ۋەدىگە خىلاپلىق قىلماسلىقىقا خەت-موھۇر ئېلىشقان تۇرساق ئەل-جامائەتكە نىمە دەپ جاۋاپ بېرىمىز“ — دېدى.

خانىش ئايىم: ”ئۇ قاچانكى گەپ، 18 يىل ئۆتۈپ كەتتى، ۋەدىمۇ ئەستىن چىقىپ كەتتى. خەتنى يىرتىۋەتسەكلا بولدىغۇ!“ دەپ پادىشانىڭ رايىنى ياندۇردى.

شاھ سەنەم ئۆيدە ئولتۇرۇپ ئاتا-ئانىسىنىڭ مەسلىھەتىنى ئاڭلاپ چوچۇپ كەتتى. ”ۋادەرىخا! ئەمدى ئىش باشقىچە بولدى، يارىمنى كورمەك بەسى مۇشكۇل بولدى، دىلىم شۇ تاپ غەمگە تولدى“ دەپ غېرىپتىن جۇدا بولغىنىغا كوڭلى بۇزۇلۇپ، بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

زۇلمىڭ بىلەن قابە پەلەك بىزنى غەيرى يارە① سالدىڭ،
ئىبراھىمدەك ئوتتا تاشلاپ جاپا بىرلە نارە② سالدىڭ.

كوتەردى كوڭۇل خۇشنى، بۇزۇلدى گۇلشەن ھوسنى،
قۇرۇتتى ئاسمان يېشنى، بىزنى خۇنى خارە③ سالدىڭ.

① يارە — ”يارغا“ مەنىسىدە.

② نارە — نار-ئوت.

③ خۇنى خارە — قان يۇتماق، قاتتىق قايغۇ چەككۇچى غەمكىنلىك.

ھېچ قويمىدى ئۆز ھالىمە، رەھمەتمىدى ئەھۋالىمە
يەتكۈزمىدى ۋىسالىمە، ھىجران دەشتى زارە① سالدىڭ.

بىزنى لەيلى - مەجنۇن ئېتىپ، كىچە - كۈندۈز قان يىغلىتىپ
يېشىمىزنى سەلدەك ئېتىپ، بۇ غەم بازارە سالدىڭ.

سەنەم ئىزلەر ئۆلپىتىنى، ھېچكىم بىلمەس كۆلپىتىنى،
ئىشلىتىپ جاپا تىغىنى، يۈرىگىمنى پارە قىلدىڭ.

ئەلقىسسە، شاھ سەنەمنىڭ بېيىتىنى ئاڭلاپ، ئاغچى ئانىسى يېتىپ كەلدى: "ئى شاھ سەنەمخان، سىزگە نىمە دەرت - ئەلەم يەتتى. بۈگۈن رۇخسارىڭىز باشقىچە سولۇپتۇر، ئاھۇ كوزىڭىز غەمكىن بولۇپتۇر، دەرت - پىغانىڭىزنى ماڭا بايان ئەيلەڭ، مەن ئىلاج قىلىپ چارىسىنى كورەرمەن" — دىدى.

شاھ سەنەم ئاغچى ئانىسىغا مەكتەپ ھەم يوللاردىكى ۋەدە، يوسە سەرگۈزەشتىلىرىنى، شۇڭا مەكتەپكە بارالمىغانلىقىغا نادامەت چېكىدىغانلىقىنى بىر بىرلەپ بايان ئەيلەپ زار - زار يىغلىدى.

ئاغچى ئانا شاھ سەنەمدىن بۇ سوزنى ئىشىتىپ: "ئى شاھ سەنەمخان، مەن بىر بانا بىلەن سىزنى مەكتەپكە ئېلىپ باراي، شۇ تاپتا شاھنىڭ ھوزۇرىغا كىرىپ، مەن بۈگۈن مەكتەپكە بېرىپ موللامىنىڭ دۇئاسىنى ئېلىپ كېلەي، دىسىڭىز پادىشا جاۋاپ بېرۇر، شۇ بانىدا غېرىپجان بىلەن ئۇچراشقايسىز" — دىدى.

شاھ سەنەم ئاغچى ئانىسىنىڭ دىگىنى بويىچە قىلدى.

شاھى ئابباسخان:

---

① زارە — ئازار بېرىش (ئازار مەنىسىدە).

— راست ئېيتتىڭىز بالام، موللىڭىزنى رازى قىلىڭ، — دېدى. ئاندىن غەزنىچىگە "مىڭ تەڭگە پۇل بەرگىن" — دەپ بۇيرۇدى. شاھ سەنەم مىڭ تەڭگىنى ئېلىپ ئاغچى ئانىسى بىلەن مەكتەپكە راۋان بولدى. مەكتەپ هويلىسىغا كىرىپ پەنجىرىدىن قاراپ كوردىكى، غېرىپ بىچارە غەپلەت خۋاپ①، جىگىرى كاۋاپ، قولدا كىتاپ، كوزلىرى پۇرئاپ② بولۇپ يىغان بىلەن مۇڭلىنىپ، بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ئى يارانلار، قەدىردانلار
نە بولدى يارىم كەلمىدى.
ئىشقى ئوتىدا كويىدۇ جانلار
نە بولدى يارىم كەلمىدى.

كېلۇرمەن دەپ ۋەدە قىلدى
ئەمدى مېنى دەرتكە سالدى.
مانا ۋاقىت چاشگاھ بولدى
نە بولدى يارىم كەلمىدى.

گۇل يۈزىنى كورگۇم كېلۇر،
بىللىلىشىپ يۇرگۇم كېلۇر،
دائىم دەۋران سۇرگۇم كېلۇر،
نە بولدى يارىم كەلمىدى.

---

① غەپلەت خۋاپ — غەپلەت ئۇيقۇسى.
② پۇرئاپ — ياشقا تولغان.

دەرت ئۈستىگە دەرتلەر بولدى،
غېرىپ دىلغا ھەسرەت تولدى.
قولۇمدىكى گۈلۈم سولدى،
نە بولدى يارىم كەلمىدى.

يا بىر يامان دەرتكە قالدى
ياكى ئۆنى بەنت① كە سالدى،
يا زىندانغا سولاپ ئالدى،
نە بولدى يارىم كەلمىدى.

يۈرەك بولدى پارە - پارە،
بۇ دەرتلەرگە بارمۇ چارە.
يىغلار غېرىپ بۇ بىچارە،
نە بولدى يارىم كەلمىدى.

ئەلقىسسە، غېرىپ بىچارە يىغلاپ ئولتۇراتتى. موللىسى كىرىپ "نىمە ئۈچۈن ساۋىغىڭنى ئوقۇماي يىغلاپ ئولتۇرىسەن؟" دەپ غېرىپقا قاتتىق دۆۋۈس قىلدى.

غېرىپ موللىسىغا قاراپ خۇن جىگىرىدىن نەزمە تۈزۈپ كۆڭلىدىكىنى ئېيتتى:

كۈنلەر چىقىپ چاشگاھ بولدى
يارىمنى بىر كورسەم كاشكى.

---

① بەنت ــ نەزەر بەنت.

كورۈشمىگەن ئەھۋالىدىن،
بىر سۆز سورىسام ئەردى كاشكى.

چاشگاھ ئۆتسە، كۈن چۈش بولۇر
يارنىڭ كوڭلى ناخوش بولۇر،
ئەمدى كورمەك تەشۋىش بولۇر،
بىر كورسەم ئەردى كاشكى.

چۈشتىن كېيىن بولۇر پېشىن،
يارىمنىڭ كوڭلى ئەۋرىشىن،
ئەۋرىشمەك بويلارىغا
چىرمىشىپ ئۇلسەم كاشكى.

پېشىن ئۆتسە بولۇر دىگەر،
يار ئىشقىدا كويەر جىگەر،
يار كەلمىسە مۇندا ئەگەر،
مەن بارسام ئەردى كاشكى.

دىگەردىن سوڭ بولغۇسى شام،
باغرىم مېنىڭ كويگەن بىر شام،
قانداق ئۆتەر بۇگۈن ئاخشام
بىر كورسەم ئەردى كاشكى.

شامدىن كېيىن خۇپتەن بولۇر،
ئاشىق - مەشۇق جۇپتەن بولۇر،

يارىم نىچۈن يەكتەن① بولۇر،
بىر كورسەم ئەردى كاشكى.

خان ئوردىسى بەلكىم خالى،
خاراپ مۇندا غېرىپ هالى،
نە هالدىدۇر يار ماجالى②
بىر كۆرسەم ئەردى كاشكى.

ئەلقىسسە، غېرىپجان كوزلىرىدىن هىجران ياشلىرىنى توكۇپ ساۋىغىنى ئوقۇشقا مەشغۇل بولدى. شاھ سەنەم پەنجىرىدىن بۇ هالنى كورۇپ كوڭلى بۇزۇلدى، تاقەتسىزلىك بىلەن موللىسىغا: "بۇگۇن غېرىپنى ئازات قويۇپ بەرسىڭىز" — دەپ يۇرەك باغرىدىن بۇ مۇخەممەسنى ئوقۇدى:

بۇلبۇلى بىچارىسەن گۇل ئىشقىدا پەريادى قىل،
ئاشىقى سەرگەشتە بولساڭ ئۇيقۇنى بىدارى قىل،
تىنمايىن شامۇ-سەھەرلەر ىغلاپ تورۇپ پەريادى قىل،
يار ئۇچۇن، سالدىم ئىمارەت ئىشقى يول ئابادى قىل
جانىم موللام بىر زامان شۇل يارىنى ئازادى قىل.

هەر كىشى مۇنداق بالالار بىرلە بولسا بى شۇمار،
قالمىسۇن كوڭلىدە ئارمان زەردە يەڭلىغ ئىختىيار،
تىترىشۇر روهى سىماپتەك تەندە جانىم بىقارار

① يەكتەن — يالغۇز.
② ماجالى — هالى

يار بۇ يەردە زار يىغلار، مەن ئۇ يەردە ئىڭىرار
جانىم موللام بىر زامان شۇل يارىنى ئازادى قىل.

بەر مۇئەللەق شۇل زامانكىم، شوھرىتىڭدىن باغىرەم،
دەرگاھىڭغا يۈز تۇتۇپ، دائىم ۋىسالىڭ ئىزدەرەم،
بال ئورنىدا ماڭا ئاغۇ ئىچۈردى دەردۇ-غەم،
تەلمۈرۈپ دائىم گادايدەك يارنى ئىزلەر شاھ سەنەم،
جانىم موللام بىر زامان شۇل يارىنى ئازادى قىل.

ئەلقىسسە، موللىسى شاھ سەنەمدىن بۇ سوزنى ئاڭلاپ: "بۇلارنىڭ ئارىسىدا مۇنداقمۇ ئىشلار بار ئىكەن، ئۇلارنى بىر-بىرى بىلەن كۆرۈشتۈرەي" — دەپ مەكتەپ بالىلىرىنى ئازات قويۇۋەتتى، غېرىپنى بولسا "سەن ساۋىقىڭنى تەكرارلا" دەپ ئېلىپ قالدى. ئۇندىن كېيىن موللىسى شاھ سەنەمگە "ئەمدى كىرگىن" — دەپ ئىشارەت بەردى. شاھ سەنەم خوشال بولۇپ مىڭ تەڭگىنى موللىسىنىڭ ئالدىغا قويدى. موللىسى شاھ سەنەمنىڭ بەختىگە دۇئا ئەيلىدى. شاھ سەنەم غېرىپ بىلەن كۆرۈشتى. ئۆزئارا كۆڭۈل ئېيتىشىپ يىغلاشتى، شاھ سەنەم غېرىپجاننىڭ مىسكىن يۈزىگە تەلمۈرۈپ: "ئەي غېرىپجان! ئەمدى بىر بىرىمىز بىلەن كۆرۈشمىگىمىز تەس بولدى، گۈلىمىز خازاندەك سولدى، بۈگۈن بەلگىلەنگەن قارۇلغا كېلەلمىگىنىمىزنىڭ ۋەجى شۇ بولدى" — دېدى.

غېرىپ ھاڭ-تاڭ قالدى، شاھ سەنەم: "ئەمدى بىزدىن دۆلەت كەتتى، بېشىمىزغا ئەلەم يەتتى" — دەپ يىغلىدى. بىر بىرىگە سوئال-جاۋاپ قىلىپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

سەنەم:

قۇلاق سېلىپ ئىشتكىل مېنىڭ ئەرزىمنى،
ئەمدى بىزدىن بۇ دەۋران كەتتى غېرىبىم.
خۇدا سالدى بۇ جۇدالىق دەردىگە،
دۈشمەنلەر ئارىمىزغا چۈشتى غېرىبىم.

غېرىپ:

ئارىغا تام چۈشتى دەپ قايغۇرمىغىل،
قىزىلگۈلدەك ئاچىلىپ، ھەرگىز سولمىغىل،
ئاشىق بولساڭ غېرىبىڭدىن كەچمىگىل،
جۇدالىقنىڭ ئاقىۋەت ۋىسالى باردۇر.

ئەلقىسسە، غېرىپ شاھ سەنەمگە قاراپ:

— ئى جانىمنىڭ جانانىسى، يۈرىكىمنىڭ سەكپارىسى، سېنىڭ ئاتاڭ بىلەن مېنىڭ ئاتام بىز تۇغۇلماستىن بۇرۇن ئۆزئارا ۋەدىلىشىپ خەت-موھۇر بېسىشقان ئىكەن، ئۇ خەت كىتاۋىمدا ساقلاقلىق، دىلىمدا يادلاقلىق، — دەپ خەتنى شاھ سەنەمگە سۇندى. شاھ سەنەم خەتنى كۆرۈپ نەھايەت خوشال بولۇپ كىتاۋىنىڭ ئارىسىغا سالدى. شاھ سەنەم دەررۇ ئۆيىگە قايتىپ كىتاۋىنى ئاتىسىغا بەردى. پادىشا كىتاپنى ۋاراقلىغان ئىدى، ئارىسىدىن مۇندىن 18 يىل مۇقەددەم ھەسەن ۋەزىر بىلەن شەرتلەشكەن تىلخەت چىقتى. پادىشا بۇ خەتنى خاتۇنىغا كۆرسىتىپ: "ئەمدى بولمىدى، سىر ئاشكارا بوپتۇ، ۋەدە بويىچە ئىش قىلماقتىن باشقا ئامال قانچە؟" — دىدى. بى ئەقىل خاتۇن كۆزىنى چەكچەيتىپ: "مۇنداق بىنامۇسلۇق ئىشقا ۋاپا قىلغىلى بولمايدۇ" — دەپ خەتنى يىرتىپ ئوتقا تاشلىدى. ئارقىدىن: "غېرىپ قىزىمىزنى يولدىن چىقاردى، شاھنىڭ ئىناۋىتىگە داغ چۈشۈردى. ئەمدى قاراپ

كۈرساق بولماس، غېرىپنى كوزدىن يوقاتمىساق كوڭۈل تىنماس، غېرىپنى ئانىسىغا قوشۇپ يىراق جايغا پالايلى، شاھ سەنەمنى قولىمىزغا ئالايلى“ — دىدى.

خاتۇننىڭ ئەقلى بويىچە شاھى ئاباسخان ياساۋۇللىرىغا: ”غېرىپ ئائىلىسى بۈگۈندىن قالدۇرماي باغدات شەھرىگە پالانسۇن“ — دەپ ئەمىر قىلدى.

ياساۋۇللار پادىشانىڭ ھوكمىنى بەجا كەلتۈردى، غېرىپقا مىرغەزەپ جاللاتلارنى قوشۇپ پالىماقچى بولدى.

غېرىپ غەزەپ بىلەن: ”مېنىڭ پادىشا ئالدىدا نىمە گۇنايىم بار؟“ نىمە ۋەجىدىن بىزنى پالايدۇ؟ بوينۇمغا تاقاق سېلىپ چېرىكلەر يالايدۇ؟ — دىدى.

جاللات بېگى: بىز گۇناھىڭنى بىلمەيمىز، پادىشانىڭ يارلىغى شۇدۇر، ئىجرا قىلماسلىقىقا ھەددىمىز يوقتۇر، دەپ ئانىسى ۋە سىڭلىسىنى قوشۇپ مەجبۇرى ئېلىپ ماڭدى. غېرىپجان يالاپ ماڭغان ياساۋۇللارنى پىسەنت قىلماستىن پىغان ئىچىدە غەزەل توقۇپ، يۇرتىدىن خوشلاشماقچى بولدى:

كاج پەلەكنىڭ دەردىدىن،
يۇرەكلەردە داغلار قالدى.
بۇلبۇلنى ئايرىپ گۇلدىن،
خوشناۋالىق باغلار قالدى.

تەڭ تۇغۇلۇپ بىللە ئۇسكەن،
مۇھەببەت ئىشقىدا كويگەن،

چىن ئومۇرلۇك ۋەدە بەرگەن،
خوشال پۇرسەت چاغلار قالدى،

ئەجداتلىرىم تەرى ئاققان
ئۇز باغرىدا مېنى باققان.
ھەسەن ئاتام باغرىنى ياققان
مىرغىزارلىق تاغلار قالدى.

مېنى پالار قولۇم باغلاپ،
يۈرىكىمنى ئوتتا داغلاپ،
سەنەم جانىم قالدى زارلاپ
مۇندا ھۇقۇش-زاغلار قالدى.

ئەلقىسسە، غېرىپنىڭ پالانغانلىق خەۋىرىنى شاھ سەنەم ئاڭلاپ "ۋا دەرىخا! مەن غېرىپجاندىن جۇدا بولىدىغان ئوخشايمەن" دەپ جاللات بېگىگە مىڭ تىللا چىقىرىپ بېرىپ: "غېرىپنى مېنىڭ راۋىقىمنىڭ ئاستىدىن ئېلىپ مېڭىڭلار، ئاخىرقى مەرتە گۈلئۇزارىنى كورۇۋالاي" — دەپ يالۋۇردى. جاللاتلار بېگى ئابدۇللا شاتىر مىڭ تىللانى چونتىكىگە سېلىپ شاھ سەنەمنىڭ تەلىۋىگە ماقۇل بولدى. شاھ سەنەم غېرىپنى بۇ ھالدا كورۇپ خۇن-جىگىرىدىن زار-زار يىغلاپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

سەنەم:

مۇندىن كېتەر بولساڭ باغدات شەھرىگە
غېرىپ سېنى بىر ئاللاغا تاپشۇردۇم.

ئاللا سالدى بۇ جۇدالىق دەردىگە
غېرىپ سېنى بىر ئاللاغا تاپشۇردۇم.

غېرىپ:

مېنى كەتتى دىبان مالال بولمىغىن،
كوپ يىغلىما سەنەمجان كەتسەم كېلۇرمەن.
قىزىلگۇلدەك ئېچىلىپ ھەرگىز سولمىغىن،
كوپ يىغلىما سەنەمجان كەتسەم كېلۇرمەن.

سەنەم:

يىغلىماي مەن نە ئەيلەيىن كوڭلۇم بۇزۇلدى،
مۇھەببەتنىڭ رىشتىسى جاندىن ئۇزۇلدى.
پېشانەمگە ئۇشبۇ قىسمەت يېزىلدى،
غېرىپ سېنى بىر ئاللاغا تاپشۇردۇم.

غېرىپ:

مېنى كەتتى دەپ يارىم بولما سەرگەردان
ھەر قىيانە بىقشىنىڭ دەردىگە دەرمان.
ئامان - ئېسەن بولسام، تەندە ھايات جان
كوپ يىغلىما سەنەمجان كەتسەم كېلۇرمەن.

سەنەم:

سەنەم دەرلەر: جاپا بىرلە جەۋرەم بار،
چىن ئاشىقمەن تا ئەبەتكە سەۋرەم بار،
كېلەلمىسەڭ يول ئۇستىدە قەۋرەم بار،
غېرىپ سېنى بىر ئاللاغا تاپشۇردۇم.

غېرىپ:

غېرىپ ئېيتۇر: پېشانەم كاج بولمىسا،
ئەجەل يېتىپ شۇم پەيمانىم تولمىسا،

چوللەر ئارا ئۈمىد گۈلۈم سولمىسا،
كوپ يىغلىما سەنەمجان كەتسەم كېلۈرمەن.

ئەلقىسسە، شاھ سەنەم باھار يامغۇرىدەك توكۈلۈپ، قەددى-قامىتى پۈكۈلۈپ، يۈرەك-باغرى چاك-چېكىدىن سوكۈلۈپ راۋاق ئۈستىدە قالدى. غېرىپ شاھ سەنەم بىلەن يىراقتىن دىدارلىشىپ، كوزلىرىدە ۋىدالىشىپ يولغا راۋان بولدى. شاھ سەنەم غېرىپنىڭ يولىدىن كوزىنى ئۈزمەي كوڭلى بىارام بولدى. غېرىپجانغا ئامانلىق تىلەپ بىر مۇناجات ئوقۇدى:

كارامەتلىك قادىرخۇدا، غېرىپنى ساڭا تاپشۇردۇم،
ئەزىز ياردىن بولدۇم جۇدا، غېرىپنى ساڭا تاپشۇردۇم.

بولالمىدىم ئاڭا ھەمدەم، يۈرىكىمنى قاپلىدى غەم،
ئاتىمىز ھەزرىتى ئادەم، غېرىپنى ساڭا تاپشۇردۇم.

بۇ بېشىمغا چۈشتى سەۋدا، مەدەت قىل ھەزرىتى مۇسا،
ئاشىقلار پىرى يۈسۈپ-زىلەيخا، غېرىپنى ساڭا تاپشۇردۇم.

بۇ دەردىمگە ئەيلە دەرمان، تىۋىپلارنىڭ پىرى لوقمان،
ئاللا يولنى قىلغىل ئاسان، غېرىپنى ساڭا تاپشۇردۇم.

ئەلقىسسە، غېرىپ شۇ يۈرگەنلىرىچە نەچچىلىگەن مەنزىللەردىن ئېشىپ، چول-باياۋانلارنى بېسىپ، تاغۇ-دەريالارنى كېسىپ قىرىق كۈندە شەھرى باغداتقا يېتىپ كەلدى. بۇلارنىڭ باغداتقا

يېتىپ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان باغدات ئەھلى ئۇلارغا ئىززەت-ئىكرام بىلدۈرۈپ كۈتۈۋالدى.

غېرىپجان بۇ يەردە سۇنۇق كۆڭلىنى شىكارغا چىقىش بىلەن بەنت قىلدى. سەنەمجاننى سېغىنىپ بىر مۇناجات ئوقۇدى:

سابا يەتكۈز گۈلۈمنىڭ خۇش بويىنى يار سەنەمجانغا،
دېگىن ئىشقىڭدا كۆل تەردى، غېرىبىڭ چول-باياۋاندا.

يېتىلدۈردى يۈرەك قانى بىلەن ئۇ، لەيلى-رەيھاننى،
دېگەيسەن باغرى مىڭ پارە غېرىبىڭ ھىجرى-ئارماندا.

ئەلقىسسە، كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى غېرىپ يالغۇزلۇقتىن زېرىكىپ ئاتىسىدىن قالغان ئالتۇن ساقىسىنى ئېلىپ سەيلىگە چىقتى. چوڭ كوچىدا بىر قۇرئانداز مومايغا ئۇچراشتى. قۇرئانداز غېرىپنىڭ سولغۇن چىرايىغا تويماي قاراپ: "ئى ئوغلۇم، سىز ئاشىق ئوخشىمامسىز؟" دېدى. غېرىپ بۇ سوزنى ئاڭلاپ ھەيران بولدى. قىزىقىپ: "ئى موما، سىز قۇرئانداز ئوخشايسىز، ماڭا بىر قۇرئە تاشلاپ بېقىڭ، ناۋادا كوڭلۇمدىكىنى تاپسىڭىز قولۇمدىكى ئالتۇن ساقىنى سىزگە ھەدىيە قىلاي" — دەپ مومايغا يالۋۇرۇپ بۇ بېيتنى ئوقۇدى:

قۇرئاندازىم يول ئاداشتىم
مېنى غەيرى يولغا سالغىن.
لەيلى كەبى ھەددىدىن ئاشتىم،
مەجنۇن كەبى چولگە سالغىن.

بىر ياردىن ئاداشقان يارمەن
گاھ ئوتتا مەن، گاھ سۇدا مەن.
يالغۇز ئۇچقان بىر تۇرنامەن،
مىرغىزارى كولگە سالغىن.

يارەن بارمۇ مەندەك قۇلغا،
كارۋان كوچۇپ چۈشتى يولغا،
نىشان ئەيلەپ ئوڭۇ - سولغا،
مېنى بىر مەنزىلگە سالغىن.

غېرىپ دەرلەر بۇ ئاتىمنى
كىمگە ئېيتاي مەن دادىمنى.
ئاللا بەرسۇن مۇرادىمنى،
مېنى توغرا يولغا سالغىن.

ئەلقىسسە، موماي غېرىپنىڭ بۇ سوزنى ئاڭلاپ، قۇرئەنى قۇياش تەرەپكە تۇتۇپ كوردىكى: "ئى غېرىپ. سەن دىيار بەكرى پادىشاھىنىڭ قىزى مەلىكە شاھ سەنەمگە ئاشىق ئىكەنسەن، سەن تېز قايتىپ ئوزەڭنى نىقاپلاپ كۆلچى مومايغا بالا بولساڭ، سەنەم جاننىڭ يۈزىنى كورۇشكە مۇيەسسەر بولىسەن، ئاگاھ كېچىكسەڭ ئارماندا قالىسەن" — دېدى. غېرىپ بۇ سوزنى ئاڭلاپ قۇرئانداز موماغا ئالتۇن ساقىسىنى بېرىپ، خەيرلىشىپ راۋانە بولدى. غېرىپنىڭ يۈرىگىگە شاھ سەنەمنىڭ ئوت پىراقى قايتىدىن تۇتاشتى. غېرىپنىڭ ھالىنى كورگەن مېھرىۋان ئانىسى نادامەت چېكىپ: "غېرىپجان ئوغلۇم! چىرايىڭىز باشقىچە تۇرىدۇ، نىمانچە ھەسرەت

چىگىسىز؟" — دېدى. غېرىپ ئانىسىغا قاراپ: "ئى مېھرىۋانىم ئانا، ئەمدى تاقىتىم تۈگىدى، ماڭا رۇخسەت قىلغىن، دىيار بەكرى شەھىرىگە كېتىمەن، ئۆز يۇرتۇمدا سەنەمجان بىلەن بىللە ئۆتىمەن" دەپ ئانىسىدىن رۇخسەت سوراپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ئانا جانىم، مېھرىۋانىم،
دۇئا بەرگىن، كېتەر بولدۇم.
تەركى دىدار سەنەمجانىم،
ھوزۇرىغا يېتەر بولدۇم.

چىدالمىدىم دەرت - پىراقتا،
مەن بارايمەن چارباقتا،
باش قويارمەن پىر - ئۇستاتقا،
ئاڭا خىزمەت ئېتەر بولدۇم.

غېرىپ ئېيتۇر: قېرىنداشىم،
كويەر بولدى ئىچى - تاشىم،
ئامان بولسا تەندە باشىم
ئانا يۇرتقا كوچەر بولدۇم.

ئانا جانىم غەمگۇزارىم،
غەم تىغىدىن گۈل ئۇزاردىم.
ئېلىپ كەتكۈم ئاخىر بارىم،
ئانا يۇرتنا ئوتەر بولدۇم.

ئەلقىسسە، غېرىپجاننىڭ ئانىسى بۇ سوزنى ئاڭلاپ: "ئى بالام، ئاتاڭ ھەسەن ۋەزىر ئالەمدىن ئۆتكەندىن تارتىپ مىسكىن كوڭلۇمنى سېنىڭ مۇبارەك جامالىڭنىڭ نۇرى بىلەن يورۇتۇپ كېلەتتىم، ساڭا چۈشكەن جۇدالىق ھەممىمىزگە ئاراملىق بەرمىدى. مېنىڭ ئىلاجىم قانچە؟ سېنى خۇداغا تاپشۇردۇم" — دەپ ئەلەملىك يىغلاپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ھەسەن ۋەزىر ئولدى دەپ ساڭا سۇيۇندۇم،
بارغىن بالام بىر ئاللاغا تاپشۇردۇم.
بىرنەچچە كۈن بويۇڭنى كورۇپ قۇۋاندىم،
بارغىن بالام بىر ئاللاغا تاپشۇردۇم.

بىر يار ئۇچۇن قانۇ - زەرداپ يۇتەرسەن،
يىراق يۇرتقا بېشىڭ ئېلىپ كېتەرسەن،
سەۋدا بولۇپ ئىشق ئوتىغا چومەرسەن
بارغىن بالام بىر ئاللاغا تاپشۇردۇم.

كوزۇمنىڭ گوھىرى، نۇرۇم سەن ئىدىڭ،
بېھىشتە فىردەۋسى ھورۇم سەن ئىدىڭ،
بەختىمنىڭ باھارى، گۇلۇم سەن ئىدىڭ
بارغىن بالام بىر ئاللاغا تاپشۇردۇم.

باش ئېلىپ كېتەرسەن يىراق يەرلەرگە
مورەۋۋەت قىلغايسەن غەمكىن قۇللەرگە،
سالام ئېيت بىزلەرنى سورىغانلەرگە،
بارغىن بالام بىر ئاللاغا تاپشۇردۇم.

بىلمەيمەن مۇشكۇلۇڭ بولارمۇ ئاسان،
پەرۋاسىز تۇرغاندا، ۋاپاسىز زامان،
بولۇپمىز نىچۇك خاكى ـ سەرگەردان
غېرىپ بالام بىر ئاللاغا تاپشۇردۇم.

ئەلقىسسە، غېرىپ ئانىسى بىلەن ۋىدالىشىپ يۇرتىغا راۋان بولدى. يول ئۇستىدە تەكتۇشلىرى بىلەن باغ سەيلىسىگە چىقىپ ياتقان سىڭلىسى گۇلجامالغا ئۇچراشتى. ئالقان خالتىسىنى قولىدا كوتىرىپ، دادىسىدىن قالغان تەۋەرۇك زۇلپىقارنى يېنىغا ئېسىپ كېتىۋاتقان ئاكىسىنى كورۇپ، گۇلجامال ئالدىنى توستى "ئى ئاكا، بىزلەرنى تاشلاپ يەنە قايان بارۇرسىز؟" دەپ غېرىپجانغا تەلمۇرۇپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ئارادىن ھىچ سوز ئوتمەيىن
جان ئاكا قايان بارۇرسەن؟
مىنىڭ گۇلۇم ئېچىلمايىن
جان ئاكا قايان بارۇرسەن؟

ئانامنىڭ خىزمىتىنى قىلماي
كىپەن سوراغىدا بولماي،
ئوز قولۇڭدا يەرگە قويماي
جان ئاكا قايان بارۇرسەن؟

بىزگە دۇنيا دوزاق بولدى،
كىيگىنىمىز كىپەن بولدى،

ئىچكىنىمىز زەھەر بولدى،
جان ئاكا قايان بارۇرسەن؟

بىزلەرنى ئەيلەپ بىچارە
دەردىمىزگە تاپماي چارە،
يۇرگىمگە سېلىپ يارە
جان ئاكا قايان بارۇرسەن؟

يات يۇرتلارغا بىزنى تاشلاپ،
كوزىمىزنى قاندىن ياشلاپ،
تۇگىمەس بىر دەرتنى باشلاپ،
جان ئاكا قايان بارۇرسەن؟

ئەلقىسسە، غېرىپ سىگىلىسىدىن بۇ سوزنى ئىشتىپ كوڭلى بۇزۇلدى. سىگىلىسىنى باغرىغا بېسىپ، تەسەللى بەردى. خەيرلىشىپ يولىغا راۋان بولدى. غېرىپ شۇ يۇرگىنىچە كۇنىنى تۇنگە ئۇلاپ ئۇچ كېچە - كۇندۇز يول يۇردى. بىر چەشمە بۇلاقنىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدى. بۇلاق سۇيىدە باش - كوزىنى يۇدى، قايىغىغا سۇ ئالغاچ مۇڭلىنىپ ناخشا ئېيتتى:

يىراق مېنى ھازىر ئەيلىدى بەربات،
بىر خۇداغا يىغلاپ ئېتەرمەن پەرياد،
كېسەر ھامان بىستون تېغىنى پەرھات،
پەرھات كەبى شېرىنجاننى كورەرمەنمۇ؟

ۋادىرىخا، مەن يارىمدىن ئايرىلدىم،
ھىجران بىلەن يىراقلاشتى دىيارىم،
قىزىل يۈزلۈك تولۇن ئايدەك نىگارىم،
بۇلبۇل بولۇپ گۈلسىز نالە قىلارمەنمۇ؟

يىغان بىلەن ھەسرەت چۈشتى باشىمە
بىر يېتىممەن ئاغۇ چۈشتى ئاشىمە،
غېرىپتۇرمەن ھىچكىم كەلمەس قاشىمە،
يۈسۈپ كەبى زىنداندا ئىچرە ياتارمەنمۇ؟

ئەلقىسسە، غېرىپ ئۈنسۈزلۈكنى قاندۇرغاندىن كېيىن ئېگىز تاققا ياماشتى. تاغ ئۈستىگە چىقىپ قارىغۇدەك بولسا، بىر غار كۆرۈندى. غارنىڭ ئاغزىدا ئاجايىپ بىر نۇر چاقناپ تۇراتتى: "نىمە ئالامەت بۇ؟ ئۇ يەردە بىر ئەۋلىيا بار ئوخشايدۇ. مەن ئاشۇ خىزىرنى يېنىغا باردىم سوراي"— دەپ غارنىڭ ئاغزىغا يېتىپ باردى. كوردىكى، غاردىن ھەزرىتى شەيخ جونەيدىل باغدادى ئەزىز چىقىپ كەلدى. ھەزرىتى جونەيدىل باغدادى: "بۇ ئوغۇلدىن سوئال سوراپ باقاي، جاۋاپ بېرەلمىسە دۇئا ئەيلەپ مۇرادىغا يەتكۈزەي، جاۋاپ بېرەلىسە پەرۋىش ئەيلەپ مەنزىلىگە كەتكۈزەي"— دەپ غېرىپتىن سوئال سورىدى.

جونەيدىل باغدادىنىڭ سوئالى:

ئول نىمەدۇر يىلتىزى يوق، تەندىن سۇ ئىچەر،
شاخى چەكسىز ياپرىغى ئالەمنى قۇچار،
ئول نىمەدۇر، قاناتى يوق سەيلانە ئۇچار،
ئوغلۇم ئاشىق بولساڭ ماڭا جاۋاپ بەر.

غېرىپنىڭ جاۋاۋى:

يىلتىزى يوق ئادەمدۇر، روھى تەندىن سۇ ئىچەر،
كوڭلى چەكسىز بوستاندۇر، ئالەمنى قوچار،
قاناتسىزدۇر ئادەم ئەقلى سەيلانە ئۇچار،
ماڭا ئۇستاز بولسىڭىز جاۋاۋىم شۇلدۇر.

جونەيدىل باغدادىنىڭ سوئالى:

ئول نىمەدۇر ئىگىلۇر ۋە لېكىن سۇنماس،
ئول نىمەدۇر مۇشكۇلات ـ جاپادىن قورقماس،
ئول نىمەدۇر يالقۇنلانغان ئوتى بېسىلماس،
ئوغلۇم ئاشىق بولساڭ ماڭا جاۋاپ بەر.

غېرىپنىڭ جاۋاۋى:

چىن ھەقىقەت دۇنيادا ئىگىلۇر سۇنم،
ئىشق ئەھلى جاپادىن ـ ئولۇمدىن قورقماس،
ئىشق تىغى كېسەر تاغنى بىسى قايرىلماس،
ماڭا ئۇستاز بولسىڭىز جاۋاۋىم شۇلدۇر.

جۇنەيدىل باغدادىنىڭ سوئالى:

ئول نىمەدۇر پۈتكۈل ئالەم يورۇغى؟
ئول نىمەدۇر ئۈچيۈز ئاتمىش ياپرىغى؟
ئول نىمەدۇر سەخى ھەسەلدىن شاخى؟
ئوغلۇم ئاشىق بولساڭ ماڭا جاۋاپ بەر.

غېرىپنىڭ جاۋاۋى:

ئاي ھەم كۈندۇر پۈتكۈل ئالەم يورۇغى
ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈندۇر ئۈنىڭ ياپرىغى،
سەخى ئايدۇر ئۈنىڭ ھەسەلدىن شاخى،
پەرى ئۇستاز بولسىڭىز جاۋاۋىم شۇلدۇر.

ئەلقىسسە، ھەزرىتى جۈنەيدىل باغدادى غېرىپتىن بۇ جاۋاپ-لارنى ئاڭلاپ ئۈنىڭغا رەھمەت ئوقۇدى:

رەھمەت ئوغلۇم ئوقۇتقان ئۇستازىڭغا،
قايىلمەن ئەقلى - پاراسىتىڭگە.
جاھاندا كوپ ئاشىقلار ئوتكەن،
پەلەكنىڭ بېتىگە قىسسەلەر پۈتكەن،
ئاشىق پەرھات تاغلارنى كەزگەن،
مەشۇغى شىرىن ئوتىدا كويگەن،
چۆللەرنى كەزگەن بىچارە مەجنۇن،
ياش ئورنىغا لەيلى توككەن خۇن،
ئۈزۈن يىل دەريادا ھوزرا ئاققاندۇر،
ۋاموق ئىشق ئوتىدا باغرىنى ياققاندۇر،
ئاشىقلار پىردۇر يۈسۈپ - زىلەيخا،
ئىشق قىسسىنىڭ ئوچمەس نامى بار.
ئاشىقلار قىسمىتىدىن ئالغىن سەن ساۋاق،
شىجائەتنى ھەمرا قىلغىن ھەر چاغ، ھەمە ۋاق.
سوئالىمغا قانغىدەك بەردىڭ سەن جاۋاپ،
يارىڭ جامالىنى قىلغايسەن تاۋاپ.

غېرىپ ھەزرىتى جۇنەيدىل باغدادى بىلەن خوشلىشىپ يو-لىغا راۋان بولدى. قەلبى ئىشەنچكە تولدى. شۇ ماگغانچە يەنە يەتتە كېچە-كۇندۇز يول يۇرۇپ بىر دەشت-چولگە چىقتى. چول ئىچىدە ئالدىغا قىرىق قاراقچى ئۇچرىدى. قاراقچىلار تۇشمۇ-تۇشتىن كېلىپ غېرىپنى تۇتۇۋالدى. مەھكەم باغلاپ ئاختۇردى. ۋاھالەنكى، يانچۇغىدىن ھېچ نەرسە تاپالمىدى. قاراقچىلار دەرغە-زەپ بولۇپ ئېيتتىكى: ”بۇ يىگىتتىن ھېچ نەرسە چىقمىدى. قاردىغاندا پېيمىزگە چۇشكەن سىنچى ئوخشايدۇ، ئولتۇرۇپ قىلىچە-مىزنى قانغا بويايلى. ئۇچىمىزنى شۇنداق ئالايلى“ — دېيىشتى. غېرىپ بىچارە قاراقچىلارنىڭ بۇ مەسلىھىتىنى ئاڭلاپ كوڭلى بۇ-زۇلۇپ مۇنداق نەزم ئوقۇدى:

مەن نەيلەيىن، نازۇك قولۇم باغلاندى،
يار جامالىنى كورمەي ئولەر ئوخشايمەن،
قاراقچىلار ئولتۇرمەككە چاغلاندى،
يار جامالىنى كورمەي ئولەر ئوخشايمەن.

بۇ جانىمغا قەست قىلدى قاراقچى ئاپەت،
مۇندىن قۇتۇلمىغىم يوقتۇر سالامەت،
گويا بولدى ماڭا روزى قىيامەت،
يار جامالىنى كورمەي ئولەر ئوخشايمەن.

ياقامنى چاك ئېتىپ ئەيلىسەم پەريات
ئەجەپ خوش ناتاۋانلار قامىتى شەمشات،

يوقالسۇن ھەم بۇزۇلسۇن بۇ چەرخى ناشات①
يار جامالىنى كورمەي ئۇلەر ئۇخشايمەن.

غېرىپنىڭ پىرىدۇر جۇنەيدىل باغدادى،
سەندىن ئۇزگە كىمگە يېتەر پەريادى،
ئاللا بەرسۇن ئاشىقلارنىڭ مۇرادى،
يار جامالىنى كورمەي ئۇلەر ئۇخشايمەن.

ئەلقىسسە، غېرىپنىڭ پەريادىنى ئاڭلاپ قاراقچىلارنىڭ ئاردىدىكى بىر ئاقساقال: "ئى يارانلار، بۇ يىگىتمۇ بىزدەك بىر دەرتمەن ئوخشايدۇ. ياش جانغا زامىن بولمايلى، ھەلەپ شىرۋان شەھرىگە ئېلىپ بېرىپ قۇللار بازىرىدا سېتىۋېتەيلى" — دېدى. مەسلىھەت ھەممىسىگە ماقۇل بولۇپ غېرىپنى ھەيدەپ ھەلەپ شىرۋان شەھرىگە راۋان بولدى.

ئەمدى شاھ سەنەمدىن بىر سوز ئاڭلايلى: شاھ سەنەم غېرىپتىن ئايرىلغاندىن بۇيان ئەھۋالى كۈندىن-كۈنگە زەئىپلىشىپ، چىرايى زەپىراندەك سارغايدى.

شاھى ئاببا سخان قىزىنى بۇ ھالدا كورۇپ كوپ مالال بولدى. جىمىكى ئۇلىمالىرىنى چاقىرتىپ: "ئى ھېكۇمالار، قىزىم شاھ سەنەمخاننىڭ دەردىگە بىر شىپا تېپىڭلار!" — دېدى. قۇرئاندازلار ئىسترالاپنى② قولىغا ئېلىپ، كۈننىڭ سائىتىگە تەۋەق-

---

① چەرخى ناشات — قايغۇلۇق دۇنيا.

①ئىسترالاپ — قۇياش، يۇلتۇزلارنى تەكشۇرىدىغان ئەينەك. رۇسچىدا астролябия دېيىلىدۇ.

قوپ① قىلىپ ئەندازىگە② تاشلىدى. بۇ قۇرئەنى ئوبدان مۇلاھىزە قىلغاندىن كېيىن: "شاھ سەنەم قىز كويۇك ئازاۋىغا مۇپ-تىلا بولۇپتۇ" — دېيىشتى. پادىشا: "بۇنىڭ نىمە ئىلاجىسى بار؟ بىر ئامال تېپىڭلار" — دىدى. ھوكۇمالار بىر بىرىگە قارىشىپ: "ئۇشبۇ شەھەرنىڭ سىرتىدا كاتتا بىر چارباغ بىنا قىلدۇر-سىلا، ھاۋاسى خوپ، مىۋىلىرى مەرغۇپ ③، گۈل-چىمەنلىرى كوپ بولسۇن، كېنىزەكلەر شاھ سەنەمنى چارباققا ئېلىپ بېرىپ ھەر كۈنلۈگى ساياھەت قىلدۇرسۇن، شۇ چاغدا ئىنشائاللا كېسىلى شىپا تاپقۇسى" دىدى. پادىشا دەرھال ھوكۇم چۈشۈردى. ياسا-ۋۇللار شەھەرنىڭ ئىچى-تېشىدىكى ھوكۇما، ئۇلىما، ئەمرا، ئاكا-بىر، ئەشرەپلەرنى جەملەپ ئۇلارنىڭ مەسلىھىتى بىلەن پۈتۈن كەنت، ئايماق، سەھرا، قىشلاقلاردىن ھاشار توپلاپ مەلىكە شاھ سەنەمگە بىر چارباغ بىنا قىلدى. باغ گويا بېھىشكە ئوخ-شاش ياساندۇرۇلدى.

ئەنفەسە، ياساۋۇللار باغنى تەييار قىلىپ پادىشاغا خەۋەر قىلدى. پادىشا ئەمىر قىلدىكى، "سىلەر ھەلەپ شىرۋان شەھرىگە بېرىپ يارامىلىق قىرىق قۇل سېتىپ ئېلىپ كېلىڭلار، قۇللار چار-باغ خىزمىتىگە قاراشسۇن" — ياساۋۇللار پادىشانىڭ يارلىغى بىلەن خەزىنىدىن لەئلى-ياقۇت، ئالتۇن-كۈمۈشلەرنى ئېلىپ شەھ-رى ھەلەپكە راۋان بولدى.

ئۇلار شەھرى ھەلەپنىڭ قۇل بازىرىدىن بىر كەم قىرىق قۇل سېتىۋالدى. يەنە بىر قۇل ئىزلەپ يۈرسە قاراقچىلار قامەت-

① تەۋەققۇپ — توختاش، تىك تۇرۇش.

② ئەنداز — سوزدىكى قوشۇمچە، ئاتقۇچى، تاشلىغۇچى مەنىسىدە.

③ مەرغۇپ — يېقىملىق، سۆيۈملۈك.

لىك بىر يىگىتنى ئېلىپ كەلدى. ياساۋۇللارنىڭ كۆزى بۇ قۇلغا چۈشۈپ ئۇنىمۇ سېتىۋالدى. شۇنداق قىلىپ غېرىپ قىرىق قۇلنىڭ بىرى بولۇپ شاھى ئاببباسخاننىڭ ھەشەمەتلىك چار بېغىدا ئايان بولدى. بۇ ۋاقىتتا ئاغچى ئانا غېرىپنى كۆرۈپ كۆڭلىدە "قۇلغا ئوخشىمايدۇ" — دەپ ئويلىدى. ئۇ ئاستا غېرىپنىڭ يېنىغا كېلىپ: "ئى ئوغۇل، سىزنىڭ ئېتىڭىز نېمە؟" دەپ سورىدى. غېرىپ: "مېنىڭ ئېتىم گۇلمەت" دەپ جاۋاپ بەردى. ئاغچى موماي تېخىمۇ قىزىقىپ "ئى يىگىت، مېنىڭ دۇنيادا پەرزەنتىم يوق، ماڭا بالا بولغىن" — دېدى. غېرىپ بۇ تەلەپنى جان-دىلى بىلەن قوبۇل كۆردى. كۈنلەرنىڭ بىرى نەۋ باھار كەلدى. گۈللەر ئېچىلىپ بۇلبۇللار خۇش ناۋا قىلىشقا باشلىدى. ئاغچى ئانا ھەر كۈنلۈكى گۈلچىمەندىن دەستە تۈزەتتى، غېرىپ بۇنىڭغا ھەيران بولۇپ: "ئى ئانا، بۇ گۈلدەستىلەرنى نېمە قىلىسىز؟ يا شەھەردە ساتامسىز؟" — دەپ سورىدى. ئاغچى ئانا، "ئى بالام، بۇ شەھەرنىڭ بىر پادىشاسى باردۇر، ئۇنىڭ ئىسمى شاھى ئاب‌باستۇر، دولىتى، سەلتەنىتى ئۆزىگە خاستۇر، ئۇنىڭ سەنەم ئاتلىق بىر قىزى بار، تولۇن ئايدەك گۈزەل يۈزى بار، شۇ قىز ئىشق ئوتىغا مۇپتىلا، ئۇنىڭ ئاشىقى غېرىپجان دىگەن بالا، بىراق پادىشا ئۇنى پالىدى، شۇڭا سەنەم ئۇنىڭ ئىشقى ئوتىدا ياتىدۇ ئاغرىپ، ھىجرانلىقتا كەتتى رەڭگى ساغىرىپ، بۇ گۈللەرنى شۇ قىزغا تىزىمەن، كۈندە ئاپىرىپ ئۇنىڭغا سۇنىمەن، ئۇ ھازىر سوزلىمەيدۇ، بىھوش ياتىدۇ، گۈلگە قاراپ بىر نەپەس ئارام تاپىدۇ" — دەپ سۆزلەپ بەردى. غېرىپ بۇنى ئاڭلاپ ئۆزىنى تۇتالماي قالدى. جۈپ كۆزىگە تارام-تارام ياش ئالدى. ئاغچى ئانىنىڭ پېشىگە ئېسىلىپ تۇرۇپ نەزمە ئوقۇدى:

ئاغچى ئانا جانىمەي چوللەرنى كېزىپ
ئىشقى ئوتىغا تۇتىشىپ يەنە كېلۇرمەن.
سەنەم بىلەن جۇدالىقنىڭ دەردىدىن
زارى يىغلاپ ھەيران بولۇپ كېلۇرمەن.

مەن ئېيتارمەن ئەرزۇ - ھالىم بارىنى،
قولاق سېلىپ ئىشتىكىل يىتىم زارىنى.
تارتىپ ھىجران جۇدالىقنىڭ دەردىنى،
مەجنۇن كەبى سەرسان بولۇپ كېلۇرمەن.

ئاغچى ئانا بۇ سوزنى ئىشتىپ، كوزلىرىنى قايتا - قايتا سۇرتۇپ "غېرىپمۇ سەن بالام، كوزىدىن قېرىدى ئاغچى ئاناڭ" — دەپ غېرىپنىڭ كوز - يېشىنى سۇرتۇپ ھال - ئەھۋال سوردى. غېرىپ شۇندىن كېيىن: "ئانا، رۇخسەت قىلىڭ، بۇگۇن گۇلنى مەن تىزاي" — دېدى. ئاغچى ئانا: "تىزغىن بالام، تىزغىن. گۇلدەستەڭنى سەنەمگە يەتكۇزىمەن" — دېدى. غېرىپ چىمەنلەرنىڭ ئىچىدىن ئەڭ چىرايلىق گۇللەرنى تاللاپ، سەنەمگە ئايان يۇرەك يېپىدا باغلاپ، دەستە ئارىسىغا سەرگۇزەشتىلىرى پۇتۇلگەن نامىنى قىستۇرۇپ شىپاڭ يېنىغا كېلىپ ناخشا ئوقۇدى:

ئەي گۇل سېنى ئىزلەپ چىمەن باغلايمەن،
بېرىپ گۇلۇم سەنەمگە سالام دىگەيسەن.
ئەرزى - ھالىمنى ئېيتىپ ساڭا يىغلايمەن
يېشىڭ توكۇپ سەنەمگەم سالام دىگەيسەن

قىزىلگۈل ئېچىلىپ سولۇرمىدى جاھاندا
بۇلبۇل ھوزۇر گۈل شاخىدا پىغاندا.
گۈلنى ئۈزسەم بۇلبۇل قالۇر ئارماندا
گۈل شاخىغا بۇلبۇل قوندى دىگەيسەن.

باغنىڭ ئىچرە بىر يىتىم ئوغۇل كېلىپتۇر
چىرايلارى سارغىيىپ ھۇشىدىن كېتىپتۇر.
بىلەي دىسەڭ ئۈنىڭ ئېتى غېرىپتۇر،
مەجنۇن سۈپەت غېرىبىڭنى كەلدى دىگەيسەن.

ئەلقىسسە، غېرىپ گۈلدەستىنى ئاغچى ئانىغا بەردى. ئۇ ئېلىپ شاھ سەنەمنىڭ يېنىغا ماڭدى. شاھ سەنەم گۈلدەستىنى ئالغان ھامان ئۈنىڭدىن غېرىپنىڭ خۇش ھىدى كېلىپ دىماقىغا تەگدى، شۇ ھامان بىھۇش بولۇپ يىقىلدى. بىر ھازادىن كېيىن ھۇشىغا كېلىپ بۇ گۈلدەستىنىڭ سىرىنى بىلمەك بولۇپ ناخشا ئېيتتى:

چىمەنلەرنىڭ ئىچىدە نازۇك چىمەن بار
راستىن ئېيتقىن جان ئانا گۈلنى كىم تىزدى؟
بۇ جانىمنى قىينىماي، ئەيلىگىن ئىزھار،
راستىن ئېيتقىن جان ئانا گۈلنى كىم تىزدى؟

ئاغچى ئانا:

نە چىمەندۇر بالام مەندىن سورايسەن.
بارىن ئۈزەم تۈزدۈم بايان ئەيلەيىن.
كۈندە يۈز مىڭ خىيال بىلەن چىمەن باغلايمەن،
قايسى بىرسىن بوتام ساڭا بايان ئەيلەيىن.

سەنەم:

ھىچقاچاندا تىزماس ئىدىڭ بۇنداق چىمەلنى،
راستىن ئېيتقىن جان ئانا قېينىما مېنى،
ئۆلمىسەم يەتكۈزەرمەن مۇراتقا سېنى،
راستىن ئېيتقىن جان ئانا گۈلنى كىم تىزدى؟

ئاغچى ئانا:

ھەر سابادا ئاچىلۇر مىرغىزار گۈللەر
گۈل شاخىدا جان بېرۇر خوشال بۇلبۇللار
بالام ئويدە بىر ناتىۋان يېتىم ئوغلۇم بار،
ئۇنىڭ قىسسىسىنى ساڭا بايان ئەيلەيىن!

سەنەم:

كورسەت ئانا ماڭا يېتىم ئوغلۇڭنى
قۇربان قىلاي ئاڭا يوقۇ-بارىمنى،
رەھمەيلىگىل قېينىماي، خەستە جانىمنى،
راستىن ئېيتقىن جان ئانا گۈلنى كىم تىزدى؟

ئاغچى ئانا:

ۋىسال ئىزلەپ چىكەر ئۇ ھەسرەتۇ-پىغان
دەردۇ-ئەلەم ئىچىدە يۈرەك باغرى قان،
بىلمەك بولساڭ ئۇنى شاھى سەنەمخان
ئوغلۇم ئېتى غېرىپتۇر بايان ئەيلەيىن.

ئەلقىسسە، شاھ سەنەم شات-خوراملىقتا تولۇپ گۈل دەس-تىنى يېرىپ كوردىكى، ئارىسىدىن بىر نامە چىقتى. بۇ ئىرسال-نامىدە غېرىپنىڭ پۈتۈن ھال-ئەھۋالى بايان قىلىنغان ئىدى:

باھار بولدى گۈل ئېچىلدى، مېنىڭ گۈلۈم ئېچىلماسمۇ؟
خۇش پۇراقلار خوپ چېچىلدى، ماڭا قەترە چېچىلماسمۇ؟

ئەمدى مەندىن ئامەت كەتتى، رەقىبلەرگە نەۋەت يەتتى،
چار باغدا گۈل ئېچىلدى، مېنىڭ گۈلۈم ئېچىلماسمۇ؟

باغ ئىچىدە گۈللەر قالدى، يار كورۇشكەن يەرلەر قالدى،
جانان كوزى ياشقا تولدى، ئەمدى نۇرلار چېچىلماسمۇ؟

غېرىپ ئېيتۇر: ئومرۇم گۈلى، ئېچىلمىدى بەختىم يولى،
كەلدى ئىشقىڭ زار بۇلبۇلى، ۋىسال ئىشىگى ئېچىلماسمۇ؟

ئەلقىسسە، شاھ سەنەم بۇ پىراقنامىنى ئوقۇپ خۇن-جە-گەر بولۇپ زار-زار يىغلىدى. ئاغچى ئانا: "ئى مەلىكە، نىمانچە يىغلايسىز، ماڭا ئەرزى-ھالىڭىزنى بايان قىلىڭ" — دىدى.

شاھ سەنەم گۈلدەستىنى كوكسىگە مەھكەم بېسىپ ئۆز ھالىنى بايان قىلىپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ئاغچى ئانا ساڭا ئېيتاي ھالىمنى
يارنىڭ گۈلى كەلدى ئۆزى كەلمىدى.
بايان ئەيلەي پىغانىمنى، زارىمنى،
يارنىڭ گۈلى كەلدى ئۆزى كەلمىدى.

ھەسرەت يۇتۇپ يۈرەر ئىكەن غېرىپجان
ۋىسال ئىزلەپ يۈرەك باغرى بولۇپ قان.

كېچە ـ كۈندۈز بولۇپ ھالى پەرىشان،
يارنىڭ گۈلى كەلدى ئۈزى كەلمىدى.

بۇ كاج پەلەك مېنى قىلدى غەمخانە،
ئۈزى كەلمەي گۈلى كەلدى يېگانە،
مېنىڭ ئۈچۈن غېرىپ بولدى باغۋانە،
يارنىڭ گۈلى كەلدى ئۈزى كەلمىدى.

شاھ سەنەم دەر، كىممۇ قويغان ئېتىمنى،
تەتۈر پەلەك قارا قىلغان بەختىمنى،
ئاغچى ئانا ئۈزەڭ سىلا بېشىمنى،
يارنىڭ گۈلى كەلدى ئۈزى كەلمىدى.

ئەلقىسسە، ئاغچى ئانا بۇ سوزنى ئاڭلاپ: "ئى شاھ سەنەم، سەن ئەمدى غەم يېمىگىل، كوڭلۈڭنى يېرىم قىلمىغىل، چار باققا بېرىپ سەيلە ـ تاماشا قىلمەن دەپ جاۋاپ سورىغىل، باققا بارغاندىن كېيىن دىل ئازارىڭ يېشىلىدۇر" — دېدى. شاھ سەنەم ئاغچى ئانىسىغا چىن دىلىدىن سۆيۈنۈپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

تەسەددۇقۇڭ بولاي ئاغچى ئانىجان
غېرىپ جانىنى ئېلىپ كەلسەڭ نە بولغاي،
ئۇل يارىمغا قەست قىلدى شاھى ئاباساخان
شۇل يارىمنى ئېلىپ كەلسەڭ نە بولغاي.

ئۈچ يىل بولدى كەتتى باغدات شەھرىگە،
مېنى قويدى جاپا بىلەن جەۋرىگە.

بۇلبۇل قۇشۇم تىنەپ يۈرەر نەلەردە
باغۇەن بولۇپ ئېلىپ كەلسەڭ نە بولغاي.

شۇندىن كېيىن شاھ سەنەم دادىسى شاھى ئابباسخانغا: "يېڭى چار باققا قىزلار بىلەن چىققۇم كېلۇر، قۇشلارنىڭ ساھىردىشىنى ئاڭلىغۇم كېلۇر، مىرغىزارى گۈللەرنى پۇرىغۇم كېلۇر. خەستە جانىمغا داۋا قىلغۇم كېلۇر، رۇخسەت قىلىشىڭىزغا ئىنتىزارمەن"— دەپ بىر نامە يېزىپ ئاغىچى ئانىدىن ئەۋەتتى. پادىشا نامىنى كۆرۈپ "شاھ سەنەم ئەمدى غېرىپنى ئۇنتۇغان ئوخشايدۇ" — دەپ كۆڭلىدە خۇرسەن بولۇپ قىرىق كۇنلۇك جاۋاپ بەردى. شاھ سەنەم چەكسىز ئىنتىزارلىق ئىچىدە تىللا مەپىسىدە ئولتۇرۇپ توز سۇپەت ياسىنىپ كېنىزەكلىرىنىڭ ھەمرالىغىدا شات - خورام چار باققا يول ئالدى.

ئەلقىسسە، غېرىپ يوللارغا نەزەر ئەيلەپ، ئېھتىماللارغا ھەزەر ئەيلەپ باغدىكى مىرغىزارى گۈللەرنىڭ دالدىسىغا ئۆزىنى ئالدى. شاھ سەنەم چار باغدا غېرىپنى كورەلمەي بىتاقەت بولۇپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ئۇچۇردۇم شۇڭقار قۇشۇمنى
ھېچ بىر يەردە دېرىگى يوق.
ھەسرەت بىلەن ئول سەييارنى
تاپماغۇنچە قارارىم يوق.

قاچتى بۇ دولەتنىڭ قۇشى
ئاختۇرارمەن يازۇ - قىشى.

دېرەگىن بىلمەس ھېچبىر كىشى،
بۇ مەنزىلدە تۇرارىم يوق.

مەن ئېيتارمەن يارىم كەلسە،
كېلىپ غەمكىن كوڭلۇم ئالسا،
شۇم رەقىپلەر تۇيار بولسا،
ئىككىمىزنى قويارى يوق.

كورسەت مۇھەببەت يولىنى،
بىر تۇتسام يارنىڭ قولىنى.
كەزسەم كەربالا چولىنى
بۇ كوڭلۇمنىڭ ئارامى يوق.

سەنەم ئېيتۇر، ئى مېھرىۋان،
ئومرۇمگە سالدىڭ دەردۇ ئەلۋان،
نەچچە يىللار تارتتىم ھىجران،
يۈرەگىمنىڭ مادارى يوق.

ئەلقىسسە، ئاغچى ئانا بۇ سوزنى ئاڭلاپ شاھ سەنەمنىڭ كوڭلىگە تەسەللى بەردى. شاھ سەنەم ئاغچى ئانىنىڭ پېشىگە مەھكەم ئېسىلىپ غېرىپنىڭ نەدىلىگىنى سوراغلاپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ئاغچى ئانا غەمسىز بېشىم
غەمخانە بولدى نەيلەيىن.

بىر سوز بىلەن سۆيگەن يارىم
بىگانە① بولدى نەيلەيىن.

مەن كەلدىم يارنى سوراغلاپ،
يۈرەگىمنى ئوتتا داغلاپ،
يار كەتتى مەندىن يىراغلاپ،
پىنھانە بولدى نەيلەيىن.

مەن يىغلارمەن ئۇشبۇ سائەت
ھىچ قالمىدى تەندە تاقەت،
ئەمگىگىدە سالغان ئىمارەت
ۋەيرانە بولدى نەيلەيىن.

سەنەم ئىزلەر ئوز يارىنى،
ئىزھار ئېيتىپ ئەھۋالىنى.
كورمەي غېرىپ دىدارىنى،
پەرۋانە بولدۇم نەيلەيىن.

ئەلقىسسە، غېرىپ شاھ سەنەمدىن بۇ سوزنى ئىشىتىپ ئوزىنى يەنە بوشۇرۇپ تۇرۇشقا چىدىمىدى. گۈلـلەر ئارىسىدىن سەنەمگە ئوزىنى ئاتتى.

ئۇلار ئوزئارا كوڭۈل شاتلىغىنى نەزمگە قاتتى:

غېرىپ:

نەچچە ۋاقتىن ئاھ ئۇرۇپ مەن يارنى دەپ

① بىگانە — يات.

باغدا يارىم بار ئىكەنىن بىلمىدىم.
ھەسرەت بىلەن سەنەمجانىم قايدا دەپ
سەنەمجانىم بار ئىكەنىن بىلمىدىم.

سەنەم:

ھەيران قىلدى مېنى شېرىن سوزىڭىز،
بۇ باغ ئىچرە مېنىڭ بىلەن يۇرسىڭىز،
ئەمدى كەلدى خوشال پۇرسەت بىلسىڭىز
چاربباغلار خاس ئىكەنىن بىلمىدىم.

غېرىپ:

قۇربان بولاي قاشىڭ بىلەن كوزۇڭگە،
جېنىم پىدا سېنىڭ ھەر بىر سوزۇڭگە،
كەل سەنەمجان تويۇپ ئالاي ھوسنۇڭگە
كويگەن يارىم بار ئىكەنىن بىلمىدىم.

سەنەم:

بۇلبۇل بولۇپ شېكەر ئەپشان ئەيلەيىن
گۇل ئىشقىدا بۇلبۇل قۇشتەك سايرايىن،
كەل غېرىپجان بۇ باغ ئىچرە يايرايىن
چىمەن گۇلۇم بار ئىكەنىن بىلمىدىم.

ئەلقىسسە، غېرىپ بىلەن سەنەم گۇلدەك ئېچىلىپ كورۇشتى، قول تۇتۇشۇپ چار باغ ئارىلاپ يۇرۇشتى. شۇ يۇرگىنىچە قىرىق كۇنگىچە مۇھەببەت پەيزىنى سۇرۇشتى. قىرىق كۇن تامام بولغاندا شاھ سەنەم: ”ئى غېرىپجان، مەن ئاتام قېشىغا بېرىپ بەنە قىرىق كۇنلۇك جاۋاپ سوراپ كېلۇرمەن، مەن كەلگىچە چارباغدا پىنھانە يۇرگىن“ — دىدى. غېرىپ شاھ سەنەمدىن

بۇ سوزنى ئىشىتىپ كوڭلى يەنە مەيۇس بولۇپ: "ئى جانىمنىڭ جانانىسى، يۇرىگىمنىڭ سەكپارىسى! سەن كەلگىچە مەن قانداقمۇ تاقەت قىلىمەن" — دەپ كوڭلى بۇزۇلۇپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

قۇربانىڭ بولاي ئاي يۇزلۇك سەنەم
ئەمدى مەن نەيلەيىن قايىتىپ كەلگۇنچە،
سوزى تۇتى، لېۋى شېكەر مەلىكەم
كوز تۇتارمەن مۇندا قايىتىپ كەلگۇنچە.

غېرىپ سېنى كۇتەر بۇ باغ ئىچىدە
ماراقچىلار پايلار كۇندۇز - كېچىدە.
مەن ياشارمەن جېنىم ئىشقىڭ كۇچىدە،
تاقىتىم تاق سەنەمجان قايىتىپ كەلگۇنچە!

ئەلقىسسە، شاھ سەنەم غېرىپتىن بۇ سوزنى ئىشىتىپ "پات كېلۇرمەن!" دەپ خوشلىشىپ ئوردىغا راۋان بولدى، دېگەندەك شۇل ھامان شاھ سەنەم ئاتىسىنىڭ ھوزۇرىدا ھازىر بولدى، يەنە قىرىق كۇنلۇك جاۋاپ سورىدى. شاھى ئاباسخان مەمنۇن بولۇپ: "قىزىمنىڭ تەبىئىتىگە باغ يارىشىپتۇ، كوڭلى تارتسا بارسۇن" - دەپ يەنە قىرىق كۇنلۇك ئىجازەت بەردى.

ئەلقىسسە، غېرىپ شاھ سەنەم كەلگىچە بىتاقەتلىكتە يولغا قاراپ مۇنتەزىر بولدى. شۇ ئەسنادا شاھ سەنەم ئاغچى ئانىسى بىلەن يېتىپ كەلدى. غېرىپ ئۇلارنى كورۇپ بېيىت بىلەن قارشى ئالدى:

باقلا نەچچە پەرى كېلۇر
ئەجەپ سەيلانە ـ سەيلانە،
ئاشىقلارنىڭ كوڭلىن ئالۇر،
ئەجەپ سەيلانە ـ سەيلانە.

ئىككى كىشى ھەمدەم بولۇپ
بىر بىرىگە مېھرام① بولۇپ،
قىيا بېقىپ قولىن سىلىپ
كېلۇر سەيلانە ـ سەيلانە.

بىرى گۇلدۇر، بىرى غۇنچە
ھېچقايسىسى يوقتۇر سەنەمچە
تاماشىغا كېلەر بارچە،
ئەجەپ سەيلانە ـ سەيلانە.

غېرىپ ئىزلەر ئۆز يارىنى
ئىزھار ئېتەر ئەھۋالىنى.
يار كورسىتىپ جامالىنى،
كېلۇر سەيلانە ـ سەيلانە.

ئەلقىسسە، شاھ سەنەم غېرىپ بىلەن كورۇشتى، تەبەسسۇم بىلەن بىر بىرىگە تويىماي قاراشتى. غېرىپ تولىمۇ خۇشۋاق بولۇپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

---

① مېھرام — مېھرىۋان مەنىسىدە.

باغۋەن بولۇپ باغىڭ ئىچرە، تەرسەم تازا گۈللەرىڭنى،
ئىگەم سېنى خۇش يارىتمىش، ئەگسەم نازۇك بويلارىڭنى-

مېنى سورىساڭ ئۇشبۇ هالدا
ئۆزەم غەمدە كوزۇم يولدا،
ئاي يۈزۈڭگە تۇتما پەردە،
كورسەم گۈلدەك جامالىڭنى.

بويلىرىڭ مىسلى لالەدۇر،
قارىشىڭ جاننى ئالادۇر،
ئاغزىڭ ئالتۇن پىيالەدۇر،
قۇيۇپ ئىچسەم چايلارىڭنى.

سەهەر قوپۇپ ساچىڭ تارا،
گۈل يۈزۈڭگە رومال ئورا،
دۈشمەن يۈزى بولسۇن قارا،
ئوق قىلارسەن خاللارىڭنى.

غېرىپ ئاشىق بولدۇم پەقىر،
يار ئىشقىدا بولدۇم هەقىر،
دۇئا بىرلە ئەرزىم ئۇقۇر،
قىبلىگاه قىپ جامالىڭنى.

ئەلقىسسە، شاھ سەنەم غېرىپتىن بۇ سوزنى ئىشتىپ، خۇش-
كەيىپ بولۇپ چارباقىقا يول ئالدى. باغ ئىچى ئەركىن-

ئازادە بۇ ئىككىلەنگە قالدى......

كۆنلەردىن بىر كۈنى غېرىپ پېشىن ۋاقتىدا بوستاندا تۇراتتى، شاھ سەنەم ئالتۇن تاغىغى بىلەن ،بۇمبۇل چېچىنى تارايتتى. شۇ ئاندا شاھ سەنەمنىڭ چېچىغا غېرىپنىڭ تېخىمۇ مەسلىگى كېلىپ چىن يۈرىكىدىن شۇنداق تەرىپ قىلدى:

ئارامى جان قويسا بۇ باغ ئىچىدە
سەيلى قىلسام سېنىڭ بىلەن سەنەمجان،
قالدۇرمىسا ھەسرەتۇ ـ داغ ئىچىدە،
سەيلى قىلسام سېنىڭ بىلەن سەنەمجان.

قۇربان بولاي قاشىڭ بىلەن كوزۈڭگە
جانۇ ـ مانىم پىدا بولسۇن ئۇزۈڭگە،
كەل سەنەمجان تويۇۋالاي يۈزۈڭگە
گۈل يۈزۈڭگە مۇنتەزىرمەن سەنەمجان.

ئەلقىسسە، شاھ سەنەم غېرىپنىڭ بۇ سوزنى ئىشتىپ تولۇپ خۇرسەن بولدى، قەلبى ئۇمىتكە تولدى. ئۇنىڭغا جاۋاۋەن بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

كەل غېرىپجان سەيلى ئېتىلى دائىم بۇ باغدا
بۇلبۇل كورسۇن گۇللەرنىڭ تاماشاسىنى،
سېنىڭ ئۇچۇن غېرىبىم جانلار سادىغا،
جاھان كورسۇن بىزلەرنىڭ تاماشىمىزنى.

ئىلاھىم ياراتمىش جەننەتۇل رىزۋان،
بۇ دۇنيادا نىمەتلەر بەردى مىڭ ئەلۋان.
بىر يار ئۈچۈن نەچچە يىل يۈردى سەرگەردان،
لەيلى كورسۇن مەجنۇننىڭ تاماشىسىنى.

ئىشقى ئوتى ھەر كىمنى ئەيلىدى بەربات،
ئۈچرىغانلا ئەيلىدى تۈمەن مىڭ پەريات،
نەبىستۇن تاغلارنى قازدى ئول پەرھات،
شىرىن كورسۇن پەرھاتنىڭ تاماشىسىنى.

قابا پەلەك ھەر كىمگە سالدى مىڭ سەۋدا،
جاھان بازارىدا تۈمەن مىڭ غەۋغا.
ئون ئىككى يىل ئاقتىلەر دەريادا ھوزرا
ۋامۇق كورسۇن ھوزرانىڭ تاماشىسىنى.

ئىككى ئاشىق كەلدىلەر بىر بىرجەم بولۇپ
سىنەلىرى داغ بولۇپ، كوزگە ياش تولۇپ،
غېرىپ - سەنەم ئېيتۇرلەر شىرىن شات بولۇپ
جاھان كورسۇن بىزلەرنىڭ تاماشىمىزنى.

ئەلقىسسە، ئۇندىن كېيىن شاھ سەنەم ئاغچى ئانىغا قاراپ:
"مەن يەنە شەھەرگە بېرىپ ئاتامدىن قىرىق كۈنلۈك جاۋاپ
سوراپ كېلىمەن، مەن كەلگىچە غېرىپجاننىڭ كوڭلىنى مالال
قىلماڭلار" دەپ غېرىپنى مەھرەملىرىگە تاپشۇرۇپ غېرىپجان بىلەن
خوشلىشىپ شەھەرگە راۋان بولدى. شاھ ئوردىسىغا كىرىپ

يەنە قىرىق كۈنلۈك ئىجازەت سورىدى، شاھنىڭ جاۋابىنى ئېلىپ كېنىزەكلىرى بىلەن ئۇدۇل چارباققا يول ئالدى. يولدا بارغۇنچە كېنىزەكلەرگە ئەھۋالنى بايان قىلىپ سىرنى ئاشكارىلىماسلىققا ۋەدە ئالدى.

ئەلقىسسە: كېنىزەكلەر شاھ سەنەمدىن بۇ سۆزنى ئىشىتىپ: "ئى مەلىكە، ئۆزلىرى بىلەن غېرىپنىڭ سىرىنى ھېچكىمگە ئىزھار قىلمايمىز" — دەپ ۋەدە بېرىشتى. شاھ سەنەم كېنىزەكلىرىدىن مىننەتدار بولۇپ چارباققا قاراپ يول ئالدى. شاھ سەنەمنىڭ كېنىزەكلىرى ئارىسىدا سۆچۈك دېگەن بىر قىز بار ئىدى. ئۇ ئۆزۈندىن بېرى غېرىپقا كۆز سېلىپ ئۇنىڭ پىراقىدا ئاھى سەرد①، ئەزدىل پەرد②، بولۇپ يۈرەتتى، پۇرسەت تېپىپ غېرىپنى بىر بوسە قىلىۋېلىش خىيالىنى سۈرەتتى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، چىمەنلەر ئىچىدە غېرىپ يىگانە سەيلى قىلىپ يۈرەتتى. غېرىپنىڭ بۈگۈن يىگانە يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ سۆچۈك قىز كۆڭلىدە: "ۋاقىت غەنىمەتتۇر، بۈگۈنكىدەك ئازادە پۇرسەت يەنە كەلمەس" — دەپ ئويلاپ، غېرىپنىڭ ئارقىسىدىن مارىلاپ كېلىپ قۇچاقلىۋالدى. غېرىپ كۆڭلىدە: "شاھ سەنەم كەلگەنمۇ نېمە" دەپ ئارقىسىغا قارىۋىدى، سۆچۈك قىز ئىكەن. غېرىپ دەرغەزەپ بولۇپ: "ئى بەدەپ، بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟" — دەپ ئۆزىدىن نېرى ئىتتەرگەن ئىدى، ئۇ ئۇگدىسىغا يىقىلدى ۋە يىغلاپ ئېيتتىكى: "نەچچە ۋاقىتتىن بېرى مەلىكە بىلەن ئەيش-ئىشرەت قىلىپ ئوينايسەن، ئەجەبا بىر قېتىمغا مېنىڭ

① ئاھى سەرد — سوغاق ئۇھ تارتىش.

② ئەزدىل پەرد — دىلى يالغۇزلۇقتىن مۇگلىنىش.

كوڭلۈمنى ئالمايسەن؟ شۇ قوپاللىغىڭ ئۈچۈن ئەمدى مەن كورگەـ
لىگىڭنى كورستەرمەن. هازىرلا پادىشاغا مەلۇم قىلىپ سېنى دارغا
ئاستۇرمىسام سۇچۇك قىز بولمىغايمەن“— دەپ قەسەميات قىلدى.
غېرىپ: ”ساڭا قارار كوزۇم يوق، قولۇڭدىن كەلگەننى قىل“—
دەپ پەرۋاسىز هالدا ئوز يولىغا ماڭدى. سۇچۇك قىز دىگىنىنى
قىلدى. پادىشانىڭ ئالدىغا كىرىپ: ”دات پادىشايىم! ئوزلىرىگە
يەتكەي ئەرزى ـ هالىم!“ دىدى. پادىشا: ”ئى كېنىزەك، نىمە
دەردىڭ بار؟ بايان ئەيلە“ — دەپ سورىدى. سۇچۇك ئېيتتىكى:
”ئى شەۋكەتلىك پادىشايىم، نەچچە كۈنلەر بولدى، غېرىپ باغدات
شەھرىدىن قايتىپ كېلىپ شاھ سەنەم بىلەن چارباغدا كېچە يۇـ
كۈندۇز كەيپ ـ ساپا سۇرۇپ خۇدىنى بىلمەي يۇرۇۋىشىدۇ. ئوزـ
لىرىگە مەلۇم قىلاي دىسەم غەزەپلىرىدىن قورقتۇم، ئېيتماي دىسەم
ئۇلار تولىمۇ هەددىدىن ئېشىپ كەتتى، بۇ هاياسىزلىقتىن جىمىكى
كېنىزەكلەرنىڭ غەزىۋى تېشىپ كەتتى. ئامالسىز قاشلىرىغا كەلدىم.
بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچكەيلا“ — دىدى. پادىشا بۇ سوزنى
ئىشىتىپ دەرغەزەپ بولدى. ”بۇ نىمە دىگەن رەسۋاچىلىق! نەچچە
ۋاقىتتىن بېرى بىمەدەپ سەنەمنىڭ چارباغدا تۇرۇۋىشىنى تەلەپ
قىلىشىدا غەيرى مۇددىسا بار ئىكەندە؛ شانۇ ـ شەۋكىتىمگە داغ
چۈشۈرگەنلىگى ئۈچۈن قىلچە رەهىم قىلماسمەن!“ — دەپ ئابدۇللا
شاتىرغا مىڭلاپ مىرغەزەپ جاللاتلارنى قوشۇپ غېرىپنى تۇتۇپ
كېلىشنى بۇيرۇدى.

ئەلقىسسە، بىر كەلىمە سوزنى غېرىپتىن ئاڭلايلى، غېرىپ
خامۇش هالدا شاھ سەنەمنىڭ يېنىغا باردى. شاھ سەنەم غېرىپـ
نىڭ بۇ هالىنى كورۇپ: ”غېرىپجان! نىمە بولدىڭىز؟ بۇگۈن
چىرايىڭىز باشقىچىغۇ؟“ — دەپ سورىدى. غېرىپ بۇگۈنكى سەرـ

گۈزەشتىلىرىنى بىر بىرلەپ بايان قىلدى.
ئەلقىسسە، شاھ سەنەم غېرىپتىن بۇ سوزنى ئىشتىپ كوڭلى پەرىشان بولدى، ئىچى دەرتكە تولدى، گۈلدەك يۈزلىرى سولدى. ئاغچى ئانىنى چاقىرىپ: "بىزنىڭ ئەھۋالىمىزغا بىر قۇرئە سېلىپ بېقىڭ" — دېدى. ئاغچى ئانا قۇرئەنى قۇياش تەرەپكە تۇتۇپ كورگەن ئىدى، ئابدۇللا شاتىرنىڭ مىڭلاپ جاللات بىلەن غېرىپنى تۇتۇشقا قەست قىلىپ قويۇنىدەك كېلىۋاتقانلىقى ئايان بولدى. بۇ ۋەقەنى شاھ سەنەمگە بايان قىلدى. شاھ سەنەمنىڭ كوڭلى زىر - زىۋەر بولۇپ: "ئى ئاغچى ئانا، بۇنىڭغا ئوزىڭىز بىر چارە قىلىڭ" — دېدى. ئاغچى ئانا دەرھال "ئوغلۇم غېرىپ، بۇنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇن" — دەپ غېرىپنى بىر كات ساندۇقنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇپ قويدى. ئۇزۇن ئوتمەي ئابدۇللا شاتىرى مىرغەزەپلىرى بىلەن چارباغ ئەتراپىنى قورشىۋالدى. باغنىڭ ئىچى - تېشىنى قويماي ئاختۇردى. غېرىپتىن نامۇ - نىشان تاپالماي روھى چۈشكەن ھالدا پادىشا ھوزۇرىغا قايتىپ كەلدى. شاھى ئابباسخان بۇنىڭغا ئىشەنچ قىلماي جىمىكى ھوكۇما، قۇرئاندازلىرىنى چاقىرىپ قۇرئە سالدۇردى. قۇرئاندازلىرى غېرىپنىڭ كات ساندۇق ئىچىگە يوشۇرۇنغانلىقىدىن دېرەك بەردى. پادىشا بۇنى ئاڭلاپ جاللاتلىرىنى يەنە يولغا سالدى.
ئەلقىسسە، شاھ سەنەم دۈشمەنلەرنىڭ قەستىدىن خالاس بولغان غېرىپنى سېغىنىپ ئاغچى ئانىغا قاراپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ئاغچى ئانام مېھرىۋانىم يارىم غېرىپجاننى كەلتۈر
قىزىل يۈزلۈك، قەلەم قاشلىق ئول ماھى تاباننى كەلتۈر.

مېنىڭ بىرلە ۋەدە قىلغان، ھىجران دەردى باغرىن تىلغان،
مېنىڭ ئۈچۈن چاھتا ياتقان ئۇل بەندە زىندانىنى كەلتۈر.

مىسىر ئېلىندە يۈسۈپ كەنئان①، جەۋرى تارتىپ راھەت تاپقان،
جاپا تىغىن پارە قىلغان ئۇل باغرى قالقانىنى كەلتۈر.

ھالى نىچۈك يارنىڭ سوراي، شۇ ئاتەشكە ئۆزەم ئۇراي،
ئۇنىڭ بىلەن سوھبەت قۇراي، ئىشقى ئۇتلۇق يارنى كەلتۈر.

ئەلقىسسە: ئاغچى ئانا شاھ سەنەمدىن بۇ سوزنى ئىشتىپ غېرىپنى ئىلىپ چىقىپ سەنەمنىڭ ئالدىدا ھازىر قىلدى. سەنەم خوش بولۇپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ئاشىق بولۇپ ئاھۇ - ئەپغان چېكەرسەن،
كويۇپ - يېنىپ قانۇ - زەرداپ يۇتارسەن.
سەۋىر ئەيلىگىل مۇرادىڭغا يېتەرسەن،
ھەمىشەلا زامان مۇنداق تار بولماس.

قالمىغايسەن قايغۇ بىلەن ھەسرەتتە،
ئۈمىتلىك جان ئەسلا قالماس غۇربەتتە.
سەن تورەلگەن ياشىماققا غەيرەتتە،
ئاشىقلارنىڭ ئىشقى ھەرگىز خار بولماس.

---

① يوسۇپ كەنئان — «يۈسۈپ - زۇلەيخا» قىسسىدىكى يۈسۈپ پەيغەمبەر، ئۇ كەنئانلىق ياقۇپنىڭ ئوغلى.

ئەلقىسسە، ئەمدى بىر كەلىمە سوزنى شاھى ئاببباسخاندىن ئاڭلايلى. پادىشا تەختىدە ئولتۇرۇپ كوڭلىدە كەزدىكى: "مۇبادا غېرىپ باغداتتىن كېلىپ سەنەم بىلەن تېپىشقان بولسا، ئۇ چاغدا ئۇزەمگە ئوبدان بولماس، بۇ ئىشنى يەنە كۆزىتەي، چارباققا پايلاقچى ئەۋەتەي" — دەپ ئابدۇللا شاتىرنى قىرىق جاللات بىلەن باغنى خۇپىيانە چارلاشقا ئەۋەتتى. ئۇلار كۆزەتنى باشلىدى، غېرىپنىڭ ئىز - دېرىكىنى ئالالماي بېشىنى قاشلىدى. ئابدۇللا شاتىر كوز قىرىنى سەنەمگە تاشلىدى...... كۆنلەردىن بىر كۆنى غېرىپ بىلەن شاھ سەنەم بىخارامان چارباغدا سەيلى قىلىپ يۈرەتتى. دەل شۇ سائەتتە ئابدۇللا شاتىر كورۇپ قالدى. دەرھال قانلىق قىلىچىنى قولىغا ئالدى. جاللاتلىرىغا ئىشارەت بېرىپ غېرىپنى تۇتماق بولدى. شاھ سەنەم ئەھۋالىنىڭ يامانلىغىنى سېزىپ غېرىپنى قاچۇرماق بولدى. غېرىپ قېچىشنى رەت قىلىپ رەقىپ بىلەن ئېلىشماق بولدى. شاھ سەنەم غېرىپنى قۇتۇلدۇرۇشنىڭ چارىسىنى ئويلاپ ئابدۇللا شاتىرنىڭ ئالدىغا بېرىپ: "ئى ئابدۇللا، ئىشق ئەھلىگە بىھۇدە جاپا سالما، ساڭا يەتتە سۇپەر① ئالتۇن بېرەي، نەۋكەرلىرىڭنى ھەم رازى قىلاي، بۇ نوۋەت غېرىپقا تەگمە، ئېتىراز قىلساڭ سەنمۇ ھايات قالمايسەن" دەپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ماڭا چۈشكەن تەنلەر بارچىغا چۈشەر
تەگمىگىن سەن يارىمغا ئاللا ھەققىدە.
ئەگەر تۇتساڭ غېرىپنى پەيمانىڭ توشار،
تەگمىگىن سەن يارىمغا ئاللا ھەققىدە.

① سۇپەر - قالقان.

ئاتام سېنى ئەۋەتىپتۇ يارنى تۇتقىلى،
ئەجدىھا بوپ غېرىپنى بىر يول يۇتقىلى.
قۇلاق سالغىن ئابدۇللا ئاكىلا سوزۇمنى،
تەگمىگىن سەن يارىمغا ئاللا ھەققىدە.

ئەلقىسسە، ئابدۇللا شاتىرنىڭ يەتتە سۇپەر ئالتۇنغا كوزى قىزاردى. شاھ سەنەم ئالدىدا تىلى لال بولۇپ ئارقىغا ياندى. پادىشانىڭ ئالدىغا بېرىپ: ”ئى پادىشاھى ئالەم، چارباغدا غېرىپتىن قىلچە نامۇ-نىشان يوق. خاتىرجەم يۇرسىلە تۇتۇپ كوڭۈللىرىنى توق“ — دېدى. بۇنى ئاڭلىغان شاھى ئابباسخاننىڭ كوڭلى تىندى. ئەمما ئۇ قىزىغا بەتنام چاپلىغان چېقىمچى سۇچۇككە نەپرەت-غەزىۋى ئۇرلەپ ”جاللات“ دەپ ۋاقىرىدى. بوھتانچى، توھمەتچى، چېقىمچى پارچە-پارچە قىلىنىپ ئىتقا تاشلاپ بېرىلسۇن، دەپ پەرمان بەردى.

ئەلقىسسە، شاھ سەنەم ئابدۇللا شاتىرنى يولغا سالغاندىن كېيىن چارباغدا يەنە پايلاقچىلارنىڭ پەيدا بولغانلىغى بىلىندى. شاھ سەنەمدە ۋەھىمە پەيدا بولۇپ غېرىپقا ئېيتتىكى: ”ئى غېرىپجان! بىزلەر قاچانغىچە تومۇر قەپەز ئىچىدە بوغۇلىمىز؟ ئوغرىلىق قىلغان كىشىلەردەك ۋەسۋەسىدە يۇرىمىز؟ ئەمدى بەس، بۇ يەردىن قاچمىساق ئىشىمىز تەس، ئاللانىڭ زىمىنى كەڭرى، تاغۇ-دەشتلەردە ئاھۇ كىيىكلەردەك ئەركىن يۇرەيلى، ئاينى گۇۋا قىلىپ نىكاللىنىپ باشقا كەلگەننى كورەيلى“ — دېدى. غېرىپ بۇ سوزنى جان-دىلى بىلەن قوبۇل قىلدى. شۇل سائەتتىن باشلاپ يول تەييارلىغىنى قىلىپ چولپان بىلەن تەڭ ئاتلاندى. قىلتاك چوللۇكنى بېسىپ بىر تاققا يېتىپ كەلدى. ئاتلىرى تومۇز

ئىسسىغىدا سۇسىزلىقتىن ئولدى. ئۇلار پىيادە ئەتىدىن كەچكىچە يول يۇرۇپ ئاياقلىرى قاپاردى. غېرىپ شاھ سەنەمنى بەزىدە يۇدۇپ، بەزىدە يېتىلەپ يەنە ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز يول يۇردى. بىر تاغنىڭ ئۈستىدە سۈپ ـ سۈزۈك چەشمە بۇلاقنى كوردى. دەرماندىن كەتكەن غېرىپ چەشمە لېۋىدە ئارام ئالماق بولۇپ ئولتۇردى. شاھ سەنەم تىللا تاغىقنى قولىغا ئېلىپ چەشمە سۈيىدە بېشىنى تارار ئىدى.

ئەمدى بىر كەلىمە سوزنى شاھى ئاباسخاندىن ئاڭلايلى: چارباغدا شاھ سەنەمنىڭ يوقلۇغى بىلىندى. يالغۇز قىزىدىن ئايرىلىش ئەلىمى شاھى ئاباسخانغا تۈگمەس دەرت بولۇپ، دىلى ئارمانغا تولۇپ تەگرىگە يىلىندى. ئاخىرى ئامالسىزلىقتىن كوڭلىنى بەزلىمەك ئۈچۈن ۋەزىر، هوكۇما، مۇنەججىملەرنى ئېلىپ قىرىق كۈنلۈك شىكارغا چىقتى. پادىشا بىر تاققا كەلگەندە هەمرالىرىدىن ئايرىلىپ غېرىپ ياتقان تەرەپكە قايرىلدى. دىلىغا سالغاندەك شاھ سەنەم توۋەنگە قارىسا دادىسى ئاباسخان بوز ئايغىرغا مىنىپ ئۇدۇل كېلىۋاتقىدەك. شۇ زامان ئۇيقۇغا كەتكەن غېرىپنى ئويغىتىپ: ”ئى غېرىپجان! ئاتام بىزنى تۇتقىلى كېلىپتۇ، سەن ئوزەڭنى قاچۇرغىن، مەن بىر چارىسىنى قىلىمەن، ئامان قالسام نەدە بولساڭ سېنى تاپىمەن“ — دېدى. غېرىپ ئوزىنى دالدىغا ئالدى. شاھ سەنەم يالغۇز قالدى. غېرىپنى خۇداغا تاپشۇرۇپ بۇ مۇناجاتنى ئوقۇدى:

كارامەتلىك قادىر خۇدا،
غېرىپنى ساڭا تاپشۇردۇم،

سۆيگەن ياردىن بولدۇم جۇدا،
غېرىپنى ساڭا تاپشۇردۇم.

بولالمىدىم ئاڭا ھەمدەم
يۈرىكىمگە چۈشتى يۈز غەم،
ئاتىمىز ھەزرىتى ئادەم
غېرىپنى ساڭا تاپشۇردۇم.

تېۋىپلارنىڭ پىرى لوقمان
بو دەردىمگە ئەيلەڭ دەرمان.
داۋۇتنىڭ ئوغلى سۇلايمان
غېرىپنى ساڭا تاپشۇردۇم.

سولدى ئاشىقلارنىڭ گۈلى
ئۈچتى سەنەمنىڭ بۇلبۇلى.
مەرتلەرنىڭ پىرى ئەلى
غېرىپنى ساڭا تاپشۇردۇم

دەپ شاھ سەنەم زار-زار يىغلاپ قالدى. ئاڭغىچە پادىشا بۇ يەرگە يېتىپ كەلدى. شاھ سەنەم ئىككى قولىنى كۆتىرىپ: "ئى كارامەتلىك خۇدا، مەن ئاجىزەنى بەندەم دىسەڭ، بىزنىڭ ئىشىمىز ئۆزەڭگە مەلۇمدۇر، قۇدرەت كالىڭ بىرلە مۇشكۇلۇمنى ئاسان قىلىپ ئىشق دەردىنى ئاتامغا بىلدۈرگەيسەن" — دەپ دۇئا-تالاۋەت قىلدى. سەنەمنىڭ دۇئاسى بەرھەق ئىجازەت بولۇپ شۇ ھامان ئاۋالقىدىن يۈز ھەسسە ھوسنى جامالىق ساھىپجامال

قىز تۇسقە كىردى. چەشمە لېۋىگە يېتىپ كەلگەن شاھى ئاباسـ
خان بۇ ھور پەرىنى بىر كورۇپلا مۇھەببەت چاقمىغى يۈرىگىدە
چېقىلدى، بىھۇش بولۇپ ئېتىدىن يىقىلدى. شاھ سەنەم پادىشانىڭ
ئېتىغا مىنىپ تاغلاردىن ئېشىپ ئۇدۇل چار باقىقا يېتىپ كەلدى.
ئاغچى ئانا شاھ سەنەمنى بۇ ھالدا كورۇپ ھەيرانلىقتى ئىچىدە
بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

مەن سەندىن سورايكى گۈليۈزلۈك سەنەم،
بىللە كەتكەن غېرىپجاننى نەيلىدىڭ.
نە سەۋدالار چۈشتى ئۇنىڭ بېشىغا
غەمدە قالغان غېرىپجاننى نەيلىدىڭ.

نە ۋەجىدىن پەلەك چەرخىن چورىدى،
نە سەۋەپتىن تەگرىم سېنى ياندۇردى،
نە قىسمەتتە غېرىپ سەندىن ئايرىلدى،
سوزلە سەنەم غېرىپجاننى نەيلىدىڭ.

ئاغچى ئېيتۇر: قىسمەت نىچۈك يېزىلدى
نە سەۋەپتىن قىلغان ۋەدە بۇزۇلدى،
قاندداق قىلىپ قولۇڭ ياردىن ئۈزۈلدى،
بەختى قارا سەرگەردانىنى نەيلىدىڭ.

ئەلقىسسە، شاھ سەنەم بۇ سوزنى ئېشىتىپ يولدىكى
جىمى كەچۈرمىشلىرىنى ئاغچى ئانىغا بىر بىرلەپ بايان
قىلدى. ئېشقىنىڭ تەگداشسىز كۈچىنى ئايان قىلدى.

ئەلقىسسە، شاھى ئابباسخان ھور پەرى تۇسىگە كىرگەن قىزنى بىر كورۇپلا ئاشىق بىقارار بولۇپ ھوشسىز يىقىلغاندىن كېيىن ئوردا ئاكابىرلىرى ئارقىدىن ئىزلەپ كېلىپ چەشمە لىۋىدە بىھوش ياتقان پادىشانى كورۇپ ئالاقزادە بولۇشتى. دەرھال يۈزىگە گۇلاپ سۇيى سېپىشتى. بىر ھازادىن كېيىن پادىشا ھوشىغا كەلدى. ۋەزىر، ھوكۇمالىرى بېشىنى يولەپ: "ئى قۇدرەت-لىك پادىشاھى ئالەم! ئوزلىرىگە نىمە ھادىسە يولۇقتى؟"— دەپ سورىدى. ئاندىن پادىشا خۇن-جىگىرىدىن يىغلاپ بۇ غەزەلنى ئوقۇدى:

يۇرت قەدرىنى شاھلار بىلمەس
ئوزگە يۇرتقا كەتمىگۇنچە،
ياخشى يارنىڭ قەدرىنى بىلمەس
بىر يامانغا چۇشمىگۇنچە.

قولۇم سۇنسام يارغا يەتمەس،
بارىسىز مېنىڭ ئومرۇم ئوتمەس،
ئاشىقلارنى پەرق ئەتمەس،
ئىشق يولىغا كىرمىگۇنچە.

شاھى ئابباس مەن بىلمىدىم،
ئەھۋال نىچۇك مەن سورمىدىم،
ئىشق كوچىنى زەپ سەزمىدىم،
ئوز بېشىمغا كەلمىگۇنچە.

ئەلقىسسە، شاھى ئاببا سخان ياساۋۇللىرىنىڭ ھەمرالىغىدا
ماڭ بىر تەسلىكتە ئوردىسىغا قايتىپ كەلدى. ئۇ سەۋدايى
بولغان، ئىشق ئوتىدا يۈرىگى ئازابقا تولغان ئىدى. ئۇنىڭ يۈرىگىنى
ئامبۇردا قىسقاندەك ماموق چۈشەك ئۈستىدە تولغىنىپ ياتالمىدى.
جىمىكى ھەركىزمالار ئوزلىرىنىڭ ھۈنەرلىرىنى ئىشقا سېلىپمۇ
ئۇنىڭ دەردىگە شىپا تاپالمىدى. شاھى ئاببا سخاننىڭ بېشىغا
چۈشكەن ئىشق ۋەسۋەسىدىن شاھ سەنەم خەۋەر تېپىپ ئاتىسىنىڭ
يېنىغا كەلدى. — "ئى ئاتا، سىزگە نىمە دەرت-ئەسەر كەلدى؟
نىمانچە ئاھ ئۇرىسىز؟" — دەپ سورىدى. شاھى ئاببا سخان
"ئى قىزىم. بۇندا سىلەرگە سالغان ئىشق دەردىنى ئەمدى ماڭا
سالپتۇ، ئىلاجىم قانچە" — دېدى. شاھ سەنەم ئىچىدە كۈلۈپ:
"شۇنداق بۇ قەدىمدىن كېلىۋاتقان ئادەت، سىزنىڭ بېشىڭىزغا
چۈشكەن قاباھەت! شاھلارنىڭ ئۇلۇغلۇغى قىلىچتا ئەمەس، مۇ-
ھەببەتلىك ئىنسانلارنىڭ قەدرىنى بىلىشتە. گۇناسىزلارنىڭ
قىساسى ئولمەيدۇ، ھامانە بىر كۈنى ۋاپاسىز شاھلاردىن
قىساسنى ئالماي قويمايدۇ" — دېدى. شاھى ئاببا سخاننىڭ تىلى
لال بولدى: "بولدى، يارامغا تۇز سەپمە، ئوتكەن ئىشلارغا
پۇشايمانىم بار، غېرىپجان ساڭا بولسۇن مەڭگۈلۈك يار" — دېدى.
شاھ سەنەم غەمكىن ھالەتتە: "غېرىپجان سىزنىڭ زۇلمىڭىزدىن
قورقۇپ يالغۇز بېشىنى ئېلىپ چىقىپ كەتكەن. نەلەردە سەرگەردان
يۈرەر ئىكەن!" — دېدى. شاھى ئاببا سخان خىجالەت بولدى.
دەرھال ئوردا ياساۋۇللىرىغا بۇيرۇق بەردى: "ئۈچ كۈن ئىچىدە
يەر-ئاسماننى ئاختۇرۇپ، شەھەرمۇ-شەھەرگە جاكارچى ئەۋەتىپ
نەدە بولسۇن، شاھ غېرىپ تېپىپ كېلىنسۇن. داغدۇغا، تەنتەنە
بىلەن قىرىق كېچە-كۈندۈز توي تەييارلانسۇن. چارباغنى

ئاراستە قىلىپ شاھ سەنەم بىلەن شاھ غېرىپقا ھەشەمەتلىك ئوردا ياسالسۇن!“ — دېدى. دېگەن قاراردا غېرىپجان ئىزلەپ تېپىلدى. شەھەر يولىغا قارشى ئالغۇچى يۇرت ئەھلى سەپ-سەپ بولۇپ تىزىلدى. شاھ ئابباسخان غېرىپنىڭ ئالدىغا چىقىپ تازىم ئەيلەپ ئىگىلدى. داقا-دۇمباقلار شادىيانىغا چېلىندى. شاھ سەنەم بىلەن غېرىپجاننىڭ توي مەرىكىسى باشلىنىپ چوڭ مەيدانغا داش قازان ئېسىلدى. قىرىق كېچە-كۈندۈز دىيار بەكرى يۇرتى توي خوشاللىقىغا چۆمۈلدى. شۇندىن باشلاپ غېرىپ ۋە سەنەمنىڭ قىسسىسى ئالەمنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ پەرھات-شىرىن، لەيلى-مەجنۇن، ۋامۇق-ھوزرا، يۇسۇپ-زىلەيخا، تاھىر-زوھرەلەردەك ئەھلى خەلقنىڭ دىلىغا پۈكۈلدى.

**维吾尔民间长诗选(1)**(维吾尔文)

阿布都克热木、热合满

---

新疆人民出版社出版

(乌鲁木齐市建中路54号)

新疆新华书店发行　　新疆新华印刷厂排版

阜康县印刷厂印刷

850×1168毫米　　32开本　　9.75印张

198[illegible]年1月第1版　　1989年11月第3次印刷

印数：53,501——62,100

---

ISBN7—228—00791—3/I·270　　定价：2.25元

ISBN7—228—00791—3

I·270(民文)定价：2.25元